


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

7
2014

# يېزا پەن - تېخنىكىسى



农村科技

مەملىكەت بويىچە خەلقنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسىنى
ئۆستۈرۈشتىكى ئىلغار شەخس — پولات ھۈسەيىن

ISSN 1004-1095
07>
9 771004 109006



提高共同发展意识宣传讲座
پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدىن نەمۇنىلەر
ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

# يېزا ئىگىلىك - تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

2014 - يىل 7 - سان
(ئومۇمىي 351 - سان)

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىدى.


## بۇ ساندا

### تېرىش پەرۋىش


سەۋزە پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار ........................ گۇلسۇمئاي ئويۇپ (1)
غولپىيازنى پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى ............................ ئايشەم ياسىن (2)
كېۋەزنىڭ غۇنچىلاش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى ........................ گۇلزىرا غىياس (4)
كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار...................... ئايگۈل گالى (5)


### ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى


پارنىك يورۇقلۇقىنى تەڭشەش ئۇسۇلى .....................................ھۆرىگۈل قۇربان (7)
پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈشتىكى سەككىز مۇھىم نۇقتا.......................روزىبۇۋى ئىبى (9)
پارنىكتا تەرخەمەك ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى .......................................تەلەت توختى (13)


### ئوغۇت تۇپراق


خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ..................... ئابلىكىم تۇرسۇن (14)
تەرخەمەكتىكى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇلى .........بۇخىلىچەم قارى (15)
كۆكتات ئۇرۇقىنى سۇغا چىلاپ بىر تەرەپ قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار .... ئامانگۈل مەمەت (17)
ئىلمىي ئوغۇتلاشنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بۇلغىنىشىنى ئازايتىش توغرى - سىدا ئويلىغانلىرىم ......................................دىلشات تۇردى (18)
زىيانسىز كۆكتاتلارنى ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ......................روشەنگۈل ئەبەي قاتارلىقلار (20)
چىلانلىق باغلارنىڭ تۇپرىقىنى ياخشىلاش ئۇسۇلى .........................مەمەت ھاشىم (21)


### باغۋەنچىلىك


كىشمىش ئۈزۈمىنىڭ پىشىش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى .....................ئارزۇگۈل يۇسۇپ (23)
ئۈزۈمنىڭ مۇھىم پەرۋىشى ..................................................ئوسمان زايىت (24)
ياڭاقنى بىخ ئۇلاق قىلغاندا ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرىلىتىش تەدبىرلىرى ........پاتىگۈل ساۋۇت (25)


### ئۆسۈملۈك ئاسراش


دورا زىيىنى پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ...................نۇرجامال ئىسلام (27)

شوخلىنىڭ كىندىك چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ..... ئادىلجان موسا قاتارلىقلار (29)
پىدىگەنىنىڭ كۆلرەڭ پاختىلىشىش كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ......................................................................خەيرىنسا ئەخمەتجان قاتارلىقلار (30)
تۆرۈپىنىڭ قارىداپ چىرىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ..........رىزۋانگۈل توختىشا (31)
تەرخەمەكىنىڭ قىرووۋسىمان پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ..............پاتىمە ئوبۇل (33)
مېۋىلىك دەرەختىكى چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ...ئاينۇر مەمەت قاتارلىقلار (34)
ئۈزۈمدە دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى .....رىزۋانگۈل مويدۇن (35)
تەرخەمەكنىڭ فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ...... مەۋلان مەنسۇر قاتارلىقلار (37)
كېۋەز غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ............................رابىيە ياسىن (39)
شوخلىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى .......مايىنۇر زايىت (40)
كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ....نۇربىيە ياقۇپ قاتارلىقلار (41)
يېسسى پۇرچاقتىكى كېسەللىك، زىيانداش هاشارا تلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ............................................................روشەنگۈل خوجابدۇل (43)

## سۇچىلىق

زىرائەتلەرنى سۇغىرىش تۈزۈمىنى بەلگىلەشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ........ رەيھانگۈل ئابدۇمۆمىن (45)
قۇرغاقچىلىقنىڭ زىرائەتكە بولغان زىيىنى ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ...........گۈلنىسا ئابدۇراخمان (47)

## چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق

ۋىتامىن كەملىكىنىڭ چۈجە چىقىرىش ئۇنۇمىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى .....تۆمۈر ئىمىن (49)
كالىلاردىكى قات قېرىن تىقىلىپ قېلىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش.........ئالىيە هاسان (52)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

تىراكتورنى چۈۋۈپ قۇراشتۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ....................تۇرغۇن ئەمەت (53)

## ئىگىلىك باشقۇرۇش

كەنت كوللىكتىپ مالىيەسىنى باشقۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار........ئارۇپ مەرۇپ (55)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى ..............(57)

## بىلىۋېلىڭ

ئورمانىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەشتىكى رولى ....................نۇرگۈل سەلەي (58)

## تۆهپىكارلار

پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى هارماس«ئوغلان» ................................. هەلىمە تۇرسۇن (60)

باش مۇھەررىر: هەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت
مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

农村科技
Rural Science & Technology
2014年第7期
总351期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

胡萝卜栽培管理要点 …… 古丽素木·吾玉甫(1)
大葱栽培管理方法 …… 阿依夏木·牙生(2)
棉花蕾期栽培管理 …… 古丽孜热·合亚斯(4)
棉花打顶注意要点 …… 阿依古丽·尕力(5)

## 设施农业

温室光照调控方法 …… 吾热古丽·库尔班(7)
温室蔬菜栽培八大要点 …… 肉孜布卫·伊比(9)
温室黄瓜栽培方法 …… 泰来提·托乎提(13)

## 土壤肥料

使用化肥主要原则 …… 阿布力克木·吐尔逊(14)
黄瓜缺素症症状及防治方法 …… 布合力其·卡日(15)
蔬菜浸种处理注意事项 …… 阿曼古力·麦麦提(17)
减轻生态环境污染的科学施肥看法 …… 迪力夏提·吐尔迪(18)
无公害蔬菜施肥方法 …… 茹先古丽·艾拜等(20)
红枣园土壤改良方法 …… 买买提·阿西木(21)

## 园艺特产

无核葡萄成熟期栽培管理 …… 阿孜古丽·玉素甫(23)
葡萄主要栽培管理 …… 吾斯曼·扎衣提(24)
提高核桃芽接成活率措施 …… 帕提古力·沙乌提(25)

## 植物保护

除草剂发生药害原因及防治方法 …… 努尔加马丽·依斯拉木(27)
番茄脐腐病防治措施 …… 阿地江·木沙等(29)
茄子灰霉病防治措施 …… 海仁沙·阿合买江等(30)
萝卜黑腐病防治 …… 热孜瓦古力·拖合提夏(31)
黄瓜霜霉病防治方法 …… 帕提曼·吾布力(33)
果树腐烂病防治方法 …… 阿依努尔·买买提等(34)
葡萄常见病害防治方法 …… 热孜完古丽·毛依东(35)

黄瓜生理性病害预防措施 …………………… 毛吾拉·曼苏尔等(37)
棉铃虫的防治方法 …………………………… 热比艳·亚森(39)
番茄常见病防治方法 …………………… 玛依努尔·扎衣提(40)
棉花红蜘蛛防治方法 …………………… 努尔比亚·牙克甫等(41)
菜豆病虫害方法 ………………………… 茹先古丽·胡加布都(43)

## 农田水利

浅谈制定农作物灌溉制度注意要点 ………… 热依汗古丽·阿不都木明(45)
旱灾对农作物的危害及防范措施 …………… 古力尼沙·阿不都热合曼(47)

## 畜牧兽医

缺乏维生素对种蛋孵化率的影响 ………………… 铁木尔·依明(49)
牛瓣胃阻塞防治 …………………………………… 阿力亚·阿山(52)

## 农业机械

拖拉机拆卸及组装注意要点 ……………………… 吐尔洪·艾买提(53)

## 农经管理

村级集体财务管理注意要点 ……………………… 阿肉甫·买肉甫(55)

## 法律常识

中华人民共和国未成年人保护法 ……………………………………(57)

## 百科知识

森林对减轻环境污染的作用 ……………………… 努尔古丽·沙来(58)

## 时代先锋

科普先锋 ………………………………………………… 艾力曼·吐尔逊(60)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：《农村科技》杂志社维文编辑部
主　编：艾力曼·吐尔逊　电话（传真）0991–4505075
责任编辑：艾尼瓦尔·买买提　编辑：阿布来提·艾比布拉
地　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　刷：新疆新华印刷厂　定价: 2.00 元
发　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004 – 1095
国内统一刊号：CN 65 – 1046 / S – W
邮 政 代 码：58 – 123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　号：103881000461 账号：30–004601040000839

# سەۋزە پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار

گۈلسۈمئاي ئويۇپ
(قۇمۇل شەھىرى شەھەرئىچى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839000)

**1. سورت تاللاش:** ئىسسىققا چىدامىلىق، ئۆسۈپ يېتىلىشى قىسقا، كىچىك تېپىلىق سورتلار تاللىنىدۇ. ئاساسلىق سورتلاردىن دۇڭياڭ ۋۇدى (东祥无敌)، مېيگوچى سۈن رېن سېن (美国七寸人参)، گۇاڭداۋ رېنسېن (广岛人参) قاتارلىقلار كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**2. يەر رەتلەپ ئوغۇتلاش:** سەۋزە تېرىلغاندا تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، تۇپرىقى يۇمشاق ئەت تۇپراقلىق يەرلەر تاللىنىدۇ. ھەر مو يەرگە تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتتىن 4000 كىلوگىرام، بىرىكمە ئوغۇتتىن 15 كىلوگىرام ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بېرىلىپ، ئاغدۇرۇپ، تۈزلەپ رەتلىنىدۇ.

**3. تېرىش:** ئۇرۇقنى ئىلمان سۇغا 12 سائەت ئەتراپىدا چىلاپ، سۈزۈۋېلىپ قۇرۇتۇپ، نەم داكىغا ئوراپ، 20℃ ـ 30℃ لۇق شارائىتتا بىخلانغاندا دەرھال تېرىلىدۇ. يەنە ئۇرۇقنى نەم قۇمغا ئارىلاشتۇرۇپ، بىۋاسىتە چۆنەكلەپ، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېرىسا بولىدۇ. كۆپىنچە قۇر ئارىلىقى 15 ـ 20 سانتىمېتىر قىلىپ، چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى ئىككى سانتىمېتىر قىلىپ تېرىلىپ، 1 ـ 1.5 سانتىمېتىر توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ، ئاندىن چىڭدىلىپ سۇغىرىلىدۇ، ھەر مو يەرگە 1.5 كىلوگىرام ئۇرۇق تېرىلىدۇ.

**4. پەرۋىشى:** (1) مايسا 2 ـ 3 تال يوپۇرماق چىقارغاندا تۇپ ئارىلىقىنى ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا قىلىپ بىر قېتىم، 3 ـ 4 تال يوپۇرماق چىقارغاندا تۇپ ئارىلىقىنى ئالتە سانتىمېتىر قىلىپ بىر قېتىم مايسا تاقلاش، مايسا 4 ـ 5 تال يوپۇرماق چىقارغان ۋاقىتتا مايسا بەلگىلەش كېرەك. كىچىك تېپىلىق سورتلارنىڭ قۇر ئارىلىقى 12 سانتىمېتىر بولۇپ، ھەر مو يەرگە 40 مىڭ تۇپ ئەتراپىدا مايسا قالدۇرۇلىدۇ. چوڭ تىپتىكى سورتلارنىڭ قۇر ئارىسى 15 ـ 18 سانتىمېتىر بولۇپ، ھەر مو يەرگە 30 مىڭ تۇپ مايسا قالدۇرۇلىدۇ. ھەر قېتىم مايسا تاقلىغاندا ئارىسىنى چاغلاپ

# غولپىيازنى پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى

ئايشەم ياسىن
(بوگۇر ناھىيە قارىباغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841600)

**1. سورت تاللاش:** سېرىق پوستلۇق، بىنەپشە پوستلۇق، ئاق پوستلۇق سورتلار تاللاپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**2. يەر رەتلەش ۋە ئوغۇتلاش:** ھەر مو يەرگە تولۇق چىرىگەن، ئەلا سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇتتىن 1500 ــ 3500 كىلوگرام، كالتسىي سوپېرفوسفات (过磷酸钙) تىن 20 ــ 30 كىلوگرام ۋە كالىي سولفاتلىق بىرىكمە ئوغۇتتىن 10 كىلوگرام بېرىلىدۇ. ئاساسىي ئوغۇتقا بىرلەشتۈرۈپ يەرنى قاندۇرۇپ سۇغىرىپ ۋاقتىدا ئاغدۇرۇپ تۈزلەپ، ئاندىن چۆنەك تارتىپ تاختىلاپ يالتىراق يوپۇق يېپىلىدۇ.

**3. تېرىش:** 7 ــ ئاينىڭ باش ۋە ئوتتۇرلىرى بىۋاسىتە تېرىلىدۇ، قۇر ئارىلىقى 15 ــ 18 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى بەش سانتىمېتىر قىلىپ

---

ئوت يوقىتىپ توپا يۆلەش كېرەك؛ (2) مايسا بەلگىلىگەندىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە ئادەتتە 2 ــ 3 قېتىم سۇغىرىپ ئوغۇتلىنىدۇ. 1 ــ قېتىم مايسا بەلگىلەپ 5 ــ 7 كۈندىن كېيىن سۇغىرىلىدۇ، سۇغىرىش مىقدارى ئازراق بولىدۇ، سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەر مو يەرگە 20 ــ 35 كىلوگرام كالتسىي سوپېر فوسفات، 25 ــ 30 كىلوگرام ئازوت، فوسفور، كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇت بېرىلىدۇ. 2 ــ قېتىم 8 ــ 9 تال يوپۇرماق چىقارغاندا، سەۋزىنىڭ ئەتلىك يىلتىزى يوغىناشقا باشلىغان ۋاقىتتا سۇغىرىپ قوشۇمچە ئوغۇتلاپ تۇپراق نەم ساقلىنىدۇ. ھەر مو يەرگە 30 ــ 35 كىلوگرام كالتسىي سوپېر فوسفات، 30 ــ 35 كىلوگرام ئازوت، فوسفور، كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇت بېرىلىدۇ. (3) ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە ئاساسلىق يەر يولۋىسى، موزاي بېشى، كۆك پىت، كۆكتات كۆك قۇرتى قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (03)

ئېرىق ئېچىپ، ھەر مو يەرگە 1 ـ 1.5 كىلوگىرام ئۇرۇق تېرىلىدۇ، تۈپ ئارىلىقىنى 13 ـ 15 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەر مو يەردە 30 ـ 35 مىڭ تۈپ مايسا قالدۇرۇلىدۇ. مايسا 2 ـ 3 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تىكىلىدۇ. يىلتىز بوغۇزىغىچە كۆمۈلىدۇ، سىغىز ۋە ئەت تۇپراقلىق يەرگە تىككەندە تېيىزراق، قۇمساڭ يەرگە سەل چوڭقۇر، چىلگە سورتلار زىچ تىكىلىدۇ.

**4. پەرۋىشى:** (1) سۇغىرىش: غولپىيازنى تېرىغاندىن كېيىن مايسا مەزگىلىگىچە يەر قۇرۇپ يېرىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمەسلىكى ئۈچۈن، يېنىك سۇغىرىپ، مايسىنىڭ ئۈنۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئىككى تال يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلدە تۈپ ئارىلىقىنى 13 ـ 15 سانتىمېتىر قىلىپ مايسا بەلگىلىنىدۇ. بىر ئاي بولغاندا مايسا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ؛ (2) ئوغۇتلاش: مايسا ئۈنگەندىن (مۇقىملاپ تىكىلگەندىن) كېيىن قوشۇمچە ئوغۇت بېرىلمەيدۇ. تەڭگىسىمان غول يوغىناشقا باشلىغاندا سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرگە كالىي سولفاتلىق بىرىكمە ئوغۇتتىن 30 ـ 40 كىلوگىرام قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىلىدۇ. تەڭگىسىمان غول يوغىناپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە 3 ـ 4 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ. ھەر قېتىمدا كالىي سولفاتلىق بىرىكمە ئوغۇتتىن 30 كىلوگىرام بېرىلىدۇ؛ (3) تۇپىسىنى يۇمشىتىش: مايسا مەزگىلدە قۇر ئارىسىنى چاغلاپ، ئوت ـ چۆپلەر يوقىتىلىدۇ، 3 ـ 5 قېتىم چاغلىنىدۇ. غول، يوپۇرماقلار ئۆسۈپ قىرنى ياپقان مەزگىلدە چاغلاش توختىلىدۇ، چاغلاش چوڭقۇرلۇقى ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئادەتتە تۈپلەرگە يېقىن جاينى تېيىزراق، يىراقراق جاينى چوڭقۇرراق چاغلاشقا دىققەت قىلىش لازىم.

**5. يىغىۋېلىش:** غولپىيازنىڭ ئوتتۇرىدىكى غوللار يۇمشاپ سولۇشۇپ ھەم سىرتقى قەۋىتىدىكى تەڭگىسىمان غوللار قۇرۇشقا باشلىغاندا يىغىۋېلىش كېرەك. (02)

# كېۋەزنىڭ غۇنچىلاش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى

گۈلزىرا غىياس
(توقسۇن ناھىيە ئىلانلىق بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838103)

كېۋەز غۇنچىلاش مەزگىلى غۇنچىسى كۆرۈنگەن مەزگىلدىن باشلاپ چېچەكلەش مەزگىلىگىچە بولۇپ، ئۇنىڭغا 30 ـ 35 كۈن كېتىدۇ، كېۋەز كۆپ غۇنچىلاش مەزگىلىدە تۈپ ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە، چېچەكلەشكە باشلىغاندا تۈپ ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، غولى توق، تىمەن، بوغۇم ئارىلىقى 3 ـ 4 سانتىمېتىر، يوپۇرمىقى قېنىق يېشىل بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ، ئادەتتە كېۋەز كۆپ غۇنچىلاش مەزگىلىدە كەڭ قۇرى يېپىلمايدۇ، تار قۇرىدا ئاراش بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە كېۋەزنىڭ كۆپىيىپ ئۆسۈشى بىلەن ئوزۇقلۇق ئۆسۈشى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئوزۇقلۇق، يورۇقلۇق، ھاۋا شارائىتىغا تەلىپى كۈچىيىدۇ، شۇڭا غۇنچىلاش مەزگىلىدە مۇنۇلارنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1. ئوزۇقلۇق ئۆسۈشى بىلەن كۆپىيىپ ئۆسۈشنى ماسلاشتۇرۇپ، مول ھوسۇللۇق تۈپ شەكلىنى شەكىللەندۈرۈپ، كۆپرەك غۇنچىلاشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. كېۋەز چېچەكلىگەندە ياكى كۆپ غۇنچىلاش مەزگىلىدە تۇنجى سۇيىنى قويۇش، لېكىن سۇغىرىش مىقدارىنى بەك كۆپ قىلىۋەتمەسلىك، چۈنەكلەپ سۇغىرىلىدىغان كېۋەزنىڭ ھەر موسىنى 40 ـ 50 كۇب مېتىر سۇ بىلەن سۇغىرىش، تېمىتىپ سۇغىرىلىدىغان كېۋەزنىڭ ھەر موسىنى 15 ـ 20 كۇب مېتىر ۋە بىلەن تېمىتىپ سۇغىرىش كېرەك. تۆۋەن ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزلىرىغا ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاستا، ئاجىز ئۆسكەن كېۋەز ئېتىزىغا قارىتا تۇنجى سۇيىنى مۇۋاپىق بالدۇر قويۇش لازىم. كېۋەزنىڭ تۇنجى

# كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ئايگۈل گالى
(قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839121)

1. كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈشتە كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى، تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى، تېرىلىش زىچلىقى، سورتنىڭ ئالاھىدىلىكى، كېۋەزنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى ئۇنۇمۋېرسال ئامىللىرىنى تولۇق ئىگىلەش لازىم. (1) تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى ياخشى، ئوغۇتلار يېتەرلىك بېرىلگەن، تېرىلىش زىچلىقى بىرقەدەر شالاڭ، ئۆسۈش ھالىتى ياخشى، ئۈچ قىسمىنىڭ ئۆسۈشى ئاستا، سەل ناچارلىرىنىڭ ئۇچىنى مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ ئۈزۈش لازىم؛ (2) كېۋەزنىڭ تېرىلىش زىچلىقى بىرقەدەر يۇقىرى، ئۇچىدىكى يوپۇرماقلار سارغايغان ئاجىز، كىچىك ئۈچ قىسمى ئۈستى يوپۇرماقتىن ئېگىز ھەمدە كۆپۈكسىمان ھالەتنى ئىپادىلىگەن بولسا، مۇۋاپىق ھالدا مۇددەتتىن سەل

سۇيىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرنى 10 ـ 15 كىلوگىرام ئورىيا (尿素) بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاپ، ئۆسۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مول ھوسۇللۇق توپ شەكلىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بەك كۈچلۈك ئۆسۈپ كەتكەن كېۋەزلىكلەردىكى يالتىراق يوپۇقنى 8 ـ 10 كۈن بالدۇر ئېچىۋېتىپ، ئاپتاپقا سېلىپ، ھەر مو يەرگە بىر گىرام بوغۇم قىسقارتىش دورىسى (缩节安) چېچىپ، ئۆسۈشنى تەڭشەش ۋە مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ سۇغىرىش كېرەك. كالىي يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ھەر مو يەرنى بەش كىلوگىرام كالىي سۇلفات (硫酸钾) بىلەن ئوغۇتلاش لازىم.

3. غۇنچىلاش مەزگىلىدىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇنىڭدا ئاساسلىقى قارىغۇ چىرپاشكا، كۆك پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشنى كۈچەيتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. (03)

بۇرۇنراق ئۈچىنى ئۈزۈش لازىم؛ (3) مول ھوسۇللۇق يەرلەردىكى كېۋەزنىڭ ئۈچىنى ئۈزۈش ۋاقتىنى مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈش لازىم.

2. كېۋەزنىڭ ئۈچىنى ئۈزۈش ئۇسۇلى: كېۋەز ئۈچىنى ئۈزگەندە بەك چوڭ ياكى بەك كىچىك ئۈزۈشتىن ساقلىنىش لازىم. كېۋەزنىڭ ئۈچى بەك چوڭ ئۈزۈلسە ئۈچىدىكى بىر نەچچە تال غوزا شېخى بىرگە ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئۈچىنى بەك كىچىك ئۈزگەندە ئۆسۈش نۇقتىسى تولۇق ئۈزۈلمەي قايتا كۆكلەپ ئوزۇقلۇق ۋە ئەمگەك كۈچى خورايدۇ ھەمدە پاختا مەھسۇلاتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كېۋەزنىڭ ئۈچىنى ئۈزگەندە ئۈچ قىسمى بىلەن ئەمدىلا يېيىلغان كىچىك يوپۇرماقنى قوشۇپ يېنىك ئۈزۈش كېرەك. ئالدى بىلەن ئۆسۈشى ياخشى كېۋەزلەرنىڭ، كېيىن ئۆسۈشى ناچار كېۋەزلەرنىڭ ئۈچىنى ئۈزۈش كېرەك. ئوخشاش بىر ئېتىزدا چالا قويماي ھەممىسىنىڭ ئۈچىنى ئۈزۈش، بىرىنىمۇ قالدۇرماسلىق لازىم. ئۈزۈلگەن ئۈچ قىسمىنى ھەم ئېتىزغا تاشلىماي خالتىغا يىغىپ ئېتىز سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ يەرنى چوڭقۇر كولاپ كۆمۈپ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش لازىم.

كېۋەزنىڭ ئۈچىنى بەك بالدۇر ياكى بەك كېيىن ئۈزگەندە كېۋەزنىڭ بالدۇر ئېچىلىش ۋاقتى ۋە مەھسۇلاتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۈچىنى بالدۇر ئۈزسە ئۆسۈش مەزگىلىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولمايدۇ ۋە مەھسۇلاتىمۇ كېمىيىپ كېتىدۇ. بەك كېيىن ئۈزۈلسە ئۈستى قىسمىدا ئۈنۈمسىز غۇنچە، غوزا كۆپىيىپ كېتىپ ئوزۇقلۇق ئىسراپ بولۇپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى غوزا ئېغىرلىقىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچىنى ئۈزۈشتە كېۋەز غۇنچىلىرىنىڭ غوزا شەكىللەندۈرۈپ غوزىلارنىڭ قىرودىن بۇرۇن ئېچىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ياخشى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. (05)

# پارنىك يورۇقلۇقىنى تەڭشەش ئۇسۇلى

ھۆرىگۈل قۇربان
(يەكەن ناھىيە گۈلباغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844700)

ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىدە پارنىك يالتىراق يوپۇقىدىن پەقەت 40% ـ 60% كۈن نۇرى ئۆتەلەيدۇ، بولۇپمۇ شىمالىي قۇتۇپقا سۇرۇلگەنچە پارنىك يورۇقلۇقى ئاجىزلىشىپ، پارنىكقا چۈشىدىغان كۈن نۇرى ئاجىزلايدۇ، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشتا پارنىكقا سۇنئىي ئۇسۇلدا يورۇقلۇق تولۇقلىسا ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى يۇقىرىلاپ كېتىدۇ. پارنىك ئىچىدىكى يورۇقلۇق يورۇقلۇق چۈشۈش ۋاقتى، يورۇقلۇق كۈچلۈكلىكى، يورۇقلۇق سۈپىتى، كۈن نۇرىنىڭ تارقىلىشى، ھاۋا كىلىماتى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئامىللار ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلىدۇ.ئادەتتە پارنىك ئىچىدىكى يورۇقلۇق پەسىل ۋە ھاۋا كىلىماتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇندىن باشقا پارنىك ئىچىدىكى يورۇقلۇق پارنىك قۇرۇلمىسى، پارنىك يالتىرىقى، باشقۇرۇش تېخنىكىسى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە پارنىك يورۇقلۇقىنى ياخشىلاپ، يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇلارنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1. پارنىك يالتىراق يوپۇقىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى پات ـ پات تازىلاپ، نۇر ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك.

2. پارنىك ئارقا تېمىنى ئاقارتىپ، قايتقان نۇر ئارقىلىق پارنىك يورۇقلۇقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

3. پارنىك تېمىغا نۇر قايتۇرغۇچى پەردە قاتارلىقلارنى ئېسىپ، قايتقان نۇر ئارقىلىق يورۇقلۇقنى كۈچەيتىش كېرەك.

4. زىرائەتنىڭ قۇر ئارىسىغا يالتىراق يېپىش ئارقىلىق، تۈپ ئارىسىدىكى يورۇقلۇقنى كۈچەيتىش كېرەك.

5. مايسا يېتىشتۈرۈش، ئۆلاش قاتارلىق مەشغۇلاتلار جەريانىدا قارا رەڭلىك سايە چۈشۈرىدىغان تور يېپىپ، بىۋاسىتە چۈشىدىغان كۈن نۇ- رىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياخشى شارائىت يارىتىش كېرەك.

6. تۇپ ئاستىدىكى قىرى، سارغايغان، كېسەللەنگەن يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا ئۈزۈۋېتىپ، ھاۋا، يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىش شارائىتىنى ياخ- شىلاش كېرەك.

7. زىرائەتنىڭ ئۆستۈرۈش زىچلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ھاۋا، يورۇق- لۇقتىن پايدىلىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

8. پارنىك يوتقىنىنى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى بالدۇر ئېچىپ، كېچىكتۈرۈپ يېپىش ئارقىلىق، پارنىك ئىچىگە يورۇقلۇق چۈشۈش ۋاقتىنى ئىمكانقەدەر ئۇزارتىش؛ ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى كېچىكتۈرۈپ ئېچىپ، بالدۇر يېپىپ، يو- رۇقلۇق سەۋەبىدىن پارنىك تېمپېراتۇرىسى بەك تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئال- دىنى ئېلىش كېرەك.

9. پارنىكقا يورۇقلۇق ياخشى چۈشىدىغان قىلىش ئۈچۈن، كۈن نۇرى ئوبدان چۈشىدىغان، ئەتراپىدا ئېگىز دەرەخ، ئىمارەتلەر بولمىغان يەرگە پارنىك ياساش كېرەك.

10. پارنىك تېمىنى ئۆلچەملىك قوپۇرۇپ، پارنىكنى كۈن نۇرى ئوبدان چۈشىدىغان قىلىپ ياساش كېرەك.

11. پارنىك ئىچىدىكى يورۇقلۇق توسالغۇلىرىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، زىرائەتنىڭ يورۇقلۇق، ھاۋادىن پايدىلىنىش شارائىتىنى ياخ- شىلاش كېرەك.

12. زۆرۈر بولغاندا ئېلېكتىر چىراغ ئارقىلىق يورۇقلۇق تولۇقلاپ، زىرائەتنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (03)

# پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈشتىكى سەككىز مۇھىم نۇقتا

روزىبۇۋى ئىبى
(غۇلجا ناھىيە يېڭىتام يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835119)

1. ماسلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش: پارنىكتا كۆكتات نورمال ئۆسۈش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئومۇمىي تۇزنىڭ قويۇقلۇقى 2000 ـ 3000 مىللىگرام/كىلوگرام بولۇپ، 6500 مىللىگرام/كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتسە يىلتىزىدىن سۇ سىرتقا سىرغىپ قۇرۇپ كېتىدۇ، مەھسۇلاتى تەبىئىيلا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. پارنىك ئىچىدە تېمپېراتۇرا، نەملىك يۇقىرى بولغاچقا ئورگانىك ئوغۇتلارنىڭ پارچىلىنىشى تېز، فوسفورنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ئېتىزدىن 2 ـ 3 ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. ئازوتنىڭ ئۆتۈشچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، زىيادە ئوغۇتلىنىۋەتسە ئوغۇت زىيىنى كېلىپ چىقىدۇ. پارنىكتا فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن كالىيلىق ئوغۇتنى كۆپرەك، ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئازراق ئىشلىتىش كېرەك. قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا ئاز ـ ئازدىن كۆپ قېتىم ئوغۇتلاشنى ئاساس قىلىش، زىيادە كۆپ مىقداردا يىغىنچاق بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئادەتتە ئۈچ يىلدىن ئارتۇق تېرىغان پارنىكلارغا توخۇ، كالا ئوغۇتلىرىنى 2500 كىلوگرام ئىچىدە كونترول قىلىش، خىمىيەۋى ئوغۇتنى %50 ئەتراپىدا ئازايتىش كېرەك. ئومۇمىي تۇزنىڭ قويۇقلۇقى يۇقىرى ئورۇنلاردا كالا قىغى، چىرىندى كىسلاتالىق ئوغۇت ۋە EM باكتېرىيەلىك ئوغۇتلارنى ئىشلىتىپ، تۇپراقنىڭ كاربون، ئازوت نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئوغۇت زىيىنىنى ئازايتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بور، سىنىك، ماگنىي قاتارلىقلارنى تولۇقلاپ تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇقىنى تەڭشەش كېرەك.

2. تاقلاش: پارنىكتا قانچىلىك مايسا قالدۇرۇش مەھسۇلاتنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. زىچ كۆچۈرۈش مەھسۇلاتنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، توپ يورۇقلۇق تالىشىپ ھەر خىل زەمبۇرۇغلۇق، باكتېرىيەلىك كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىش پەسلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەن، يورۇقلۇق ئاجىز، فوتوسىنـ

تېز رولى ناچار بولغاچقا كاربون، سۇ بىرىكمىلىرىنىڭ سىنتېزلىنىشى ئاز بولىدۇ، شۇڭا چوقۇم مۇۋاپىق شالاڭ كۆچۈرۈش كېرەك. ئادەتتە دەسلەپكى مەزگىلدە قويۇق كۆچۈرۈش، ئوتتۇرا مەزگىلدە تۇپ شالاڭلىتىش، كېيىنكى مەزگىلدە يوپۇرماقلىرىنى پۈتاپ پارنىكنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ۋە ئۇنۇمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

3. شاخلىرىنىڭ باراقسان بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش: پارنىك كۆكتاتلىرى ئادەتتە مايسا مەزگىلدە ئاجىز بولۇپ، سۇنى كونترول قىلىش ئارقىلىق يىلتىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئالدىنقى مەزگىلدە چوقۇم بەلگىلىك يوپۇرماقنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كېيىنكى مەزگىلدە شېخىنىڭ ئۆسۈشىنى كونترول قىلىپ مېۋىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش كېرەك.

4. ئىلمىي ئۇسۇلدا دورا ئىشلىتىپ كېسەللىكنى يوقىتىش: نۆۋەتتە كۆكتاتچىلار پارنىك ئىچىدىكى كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئۇسۇلى يەنىلا ئاساسلىقى دورا چېچىش، بىراق قانداق قىلغاندا دورىنى ياخشى ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، كېسەلنى تونۇپ تاللاش كېرەك. ئادەتتە مىس، سىنىك ئېلېمېنتلىق دورىلارنى ئىشلەتسە ھەم مىكروب ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ، ئۆسۈملۈكنىڭ مىكروبلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ ھەم زىرائەتنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئېلېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، پارنىك ئىچىنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش لازىم. مەسىلەن: يالتىراق ئاستىدىن سۇغىرىش، تۇپ سانىنى ئازايتىش، ھاۋا ئۆتۈشۈشىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كېسەللىك ھاشاراتلارنى ئازايتىدۇ، دورا ئىشلىتىش قېتىم سانىنى ئازايتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، تۇپراقتىن يۇقۇملىنىپ مايسا ئۆلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مايسا مەزگىلدە دورا ئىشلىتىپ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەگەر دەسلەپكى مەزگىلدە ياخشى ھەل قىلىنمىسا كېسەللىك مىكروبى ئۆسۈملۈك تېنىگە ئورۇنلىشىۋېلىپ كۆپلەپ دورا ئۇرسىمۇ ئومۇمىي ياخشى بولمايدۇ.

5. «پارنىك گازىدىن» مۇۋاپىق پايدىلىنىش: پارنىك كۆكتاتلىرىنى ئۆستۈرۈش جەريانىدا، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە، ئۇزاق ۋاقىت ھەم ھالەتتە تۇرغانلىقتىن ئاسانلا زىيانلىق گازلار پەيدا بولۇپ، پارنىك كۆكتاتلىرىغا زىيان پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر پارنىك ئىچىگە نىترات ھالەتتىكى ئازوتلۇق خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە چىرىمىگەن ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىلسە، چىرىش جەريانىدا كۆپ مىقداردا نىترىت گازى شەكىللىنىپ بەلگىلىك قويۇقلۇققا يەتكەندە پىدىگەن تۇرىدىكى كۆكتاتلارغا زىيان سالىدۇ، يەر يۈزىدىكى يوپۇرمىقى قايناق سۇدا كۆيدۈرگەندەك ھالەت شەكىللىنىدۇ. ئېغىر بولغاندا يوپۇرمىقى ئاقىرىپ قۇرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پارنىك كۆكتات ئىچىدە مۇۋاپىق تۈردە كاربون تۆت ئوكسىدى تولۇقلاپ تۇرسا كۆكتاتنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتكىلى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. چۈشلۈكى تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەندە ۋاقتىلىق ھاۋا دانىنى ئېچىپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇپ زىيانلىق گازلارنى ئازايتىش كېرەك.

6. يالتىراق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىش: پارنىك ھەم ياكى يېرىم ھەم شەكىلدىكى مۇھىت، سۇنىڭ پارلىنىشى ۋە تارقىلىشى ئاستا، ئادەتتە ئۆسۈملۈكنىڭ پارلاندۇرۇشى ۋە تۇپراقنىڭ پارلاندۇرۇشى ئوچۇق ئېتىزنىڭ 50% ىگە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ كېچىسى، ھاۋا تۇتۇق كۈنى، تېمپېراتۇرا تۆۋەن چاغلاردا ھاۋانىڭ نىسپىي نەملىكى دائىم تويۇنغان ھالەتتە تۇرىدۇ. پارنىك ئىچىنىڭ نەملىكى زىيادە يۇقىرى بولۇش كۆكتاتلاردىكى كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئەگەر پارنىك ئىچىدىكى چوڭ سۇدا سۇغىرىشنى يالتىراق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىشقا ئۆزگەرتسە، پارنىك ئىچىنىڭ مۇھىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىغىلى بولىدۇ، نەملىك تۆۋەنلەيدۇ. تېمپېراتۇرا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، كۆكتاتلاردىكى كېسەللىكلەر ئازىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات ئاشۇرۇش ۋە سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. پارنىك كۆكتاتلىرىغا يالتىراق يوپۇق ياپسا، يالتىراق يوپۇق يېپىشتىن بۇرۇن پارنىك ئىچىنىڭ كېچىلىك نەملىكى 95% ـ 100% بولسا، يالتىراق يوپۇق ياپقاندىن كېيىن

75% ـ 80% گە تۆۋەنلەيدۇ. يالتىراق يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغارسا كېسەل تارقىلىش نىسبىتى چوڭ سۇدا سۇغارغاندىن 10% ـ 15% تۆۋەن بولىدۇ، سۇنى 60% تېجەيدۇ، مەھسۇلاتى 40% ئاشىدۇ.

7. ئېگىز قېتىم سانىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش: نۇرغۇن دېھقانلار پارنىك ياساشقا ئاز پۇل كەتمەيدۇ، شۇڭا پارنىكنى بىر كۇنمۇ بىكار قويىماسلىق كېرەك دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، قىشتا بولۇپمۇ بىر يىلدا بىرلا تۈركۈم ئىشلەپچىقارسا ياخشى بولىدۇ. ئەتىيازلىق، كۈزلۈك بىر يىلدا ئىككى قېتىم بولسا مۇۋاپىق، پىدىگەن، مۇچ، شوخلا، تەرخەمەك قاتارلىقلارنىڭ قېرى تۈپىنى قايتا ئۆستۈرۈپ، يەنە بىر تۈركۈم ئىشلەپچىقىرىشقىمۇ بولىدۇ، باھا تۆۋەنلىگەندە يۇلۇۋېتىپ يەرنى ئاپتاپقا سېلىش كېرەك. يازدا بىر مەزگىل چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ يامغۇرغا تاشلاپ يەرنىڭ شورىنى باستۇرۇش، ئاپتاپقا سېلىپ دېزىنفېكسىيە قىلىپ، پارنىكنى دۇملەپ ھاشاراتلارنى يوقىتىپ، تۇپراقنى پىشۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

8. پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئىگىلەش: كۆپلىگەن دېھقانلار پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرا چېكى بولىدۇ، ئوخشىمىغان كۆكتاتلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆسۈش تېمپېراتۇرا چېكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئىسسىققا مايىل تەرخەمەك، پىدىگەن قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىسى 25℃ ـ 32℃، سوغۇققا چىداملىق كۆكتات كەرەپشە، كۇدە قاتارلىقلارنىڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىسى 15℃ ـ 22℃ يۇقىرى چەك تېمپېراتۇرىدىن ئېشىپ كەتسە يۇمران مېۋىنىڭ ئۆسۈشى تېزگىنلىنىدۇ، مېۋىسى قات ـ قات بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تېمپېراتۇرا زىيادە يۇقىرى بولسا، ئۆسۈملۈكنىڭ نەپەسلىنىشى كۈچىيىپ، مېخانىزملىرى قالايمىقانلىشىپ، تۈپ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىدۇ. ئوزۇقلۇق ئۆسۈش بىلەن كۆپىيىپ ئۆسۈشى تەڭپۇڭسىزلىشىدۇ، مەھسۇلاتى كېمىيىدۇ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن پارنىكقا ئىككى ھاۋا يولى قويۇپ، ۋاقتىدا تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. زىيادە يۇقىرى تېمپېراتۇرىنى يەنە كەچقۇرۇن سۇغىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىقمۇ تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. (03)

# پارنىكتا تەرخەمەك ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

تەلەت توختى

(ئاتۇش شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 845350)

**1. سورت تاللاش:** تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا چىداملىق، ئۆسۈشى ياخشى، كېسەلگە تاقابىلچان، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك سورتلار تاللىنىدۇ.

**2. مايسا يېتىشتۈرۈش:** كەۋلىكى ئىككى مېتىردىن چوڭراق قىلىپ لاپاس ياسالغاندىن كېيىن، لاپاس ئىچىگە كەۋلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا تاختا ياسىلىدۇ، ھەر بىر تاختىغا تاسقالغان ئورگانىك ئوغۇتتىن 50 كىلوگىرام بېرىلىپ، يەر 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇلۇپ، توپا بىلەن ئوغۇت تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تاختا ئۇستىگە يېيىتىلىدۇ.

**3. مايسا مەزگىلدىكى پەرۋىش:** تاختا نەملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئەتىگەن ياكى كەچتە تاختا يۈزى كۆرۈنمىگەندەك قىلىنىپ يېنىك سۇغىرىلىدۇ. مايسىنىڭ كۆكلىگە زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئانىلىق گۈلنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلىتىلىپ، 2 - يوپۇرمىقى كۆرۈنگەندە 100 ppm لىق ئېتىفون پۈركۈلىدۇ، 4 - ھەقىقىي يوپۇرمىقى كۆرۈنگەندە 100 ppm لىق ئېتىفون يەنە بىر قېتىم پۈركۈلىدۇ.

**4. كۆچۈرۈپ تىكىش:** ھەر مو يەرگە 5 - 6 توننا مەھەللىۋى ئوغۇت بېرىلىپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇلۇپ تىرنىلىدۇ. چوڭ قىر 80 سانتىمېتىر، كىچىك قىر 50 سانتىمېتىر قىلىپ قىر ئېلىنىدۇ. ھەر مو يەرگە 3500 - 3700 مايسا تىكىلسە بولىدۇ.

**5. كۆچۈرۈپ تىكىلگەندىن كېيىنكى پەرۋىش:** كۆچۈرۈپ تىكىشتىن بۇرۇن پارنىك تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىراق بولغاچقا، كېچە - كۈندۈز ھاۋا ئالماشتۇرىلىدۇ. 10 - ئاي كىرگەندىن كېيىن سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ 12℃ قا چۈشكەندە، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزىنى ئېتىش، پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى كۈندۈزى 25℃ - 35℃ تا، كېچىسى 13℃ - 15℃ تا كونترول قىلىش لازىم. مايسا كۆۈرۈپ تىكىلگەندىن كېيىن بىر قېتىم مايسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈيى قويىلىدۇ، تەرخەمەك يوغىناشقا باشلىغاندا ھەر مو يەرگە 15 كىلوگىرام ئورىيا چۆنەكلەپ بېرىلىپ، ئاندىن سۇغىرىلىدۇ.

**6. تۈپ رەتلەش:** پىلەكنى ئېسىش ئۇسۇلى قىشلىق - ئەتىيازلىق ئېكىنز تەرخەمىكىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. 10 تالدىن ئاز يوپۇرمىقى بار يان شاخلار ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ، كۈزلۈك - قىشلىق ئېكىنز تەرخەمىكىنىڭ يېتىلىش مەزگىلى قىسقىراق بولۇپ، تۈپ بوغۇمى 25 كە يەتكەندە ئۇچى ئۈزىلىدۇ. تېمپېراتۇرا ۋە يورۇقلۇق شارائىتى مۇۋاپىق، ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش يېتەرلىك بولغاندىلا قايتا چۈشكەن مېۋىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. (05)

# خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىشنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى

ئابلىكىم تۇرسۇن
(كۇچا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 842000)

1. تۇپراقنى كىلىمات ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئوغۇتلاش لازىم. ھەرقايسى جايلارنىڭ تۇپرىقى، ئوغۇت تەمىنلەش ئىقتىدارىمۇ پەرقلىق بولۇپ، زىرائەتنىڭ ئوغۇت سۈمۈرۈش ئىقتىدارىمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇڭا خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىشتە شۇ جاينىڭ تۇپراق، كىلىمات، زىرائەت مەھسۇلاتى، ئېكىز ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى، ئوغۇت تەسىرى ۋە ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىگە ئاساسەن كونكرېت ئوغۇتلاش لايىھەسى تۈزۈپ، مۇۋاپىق ئوغۇتلاش مىقدارىنى بەلگىلەش كېرەك.

2. ئورگانىك ئوغۇت بىلەن خىمىيەلىك ئوغۇتنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش لازىم. چۈنكى ئورگانىك ئوغۇتنىڭ ئوغۇت ئۈنۈمى ئاستا، مۇقىم، ئۇزاق، ئوغۇت مىقدارى تولۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، بىراق خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئوغۇت ئۈنۈمى تېز، قىسقا، ئوغۇت تەركىبى يەككە بولۇپ، ئىككىسىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، دەسلەپتىمۇ ۋە كېيىنكى مەزگىلدىمۇ ئوخشاشلا كۈچ بېرىپ، زىرائەت ئوزۇقلۇقىنى تەڭپۇڭ ھالەتتە تولۇقلاپ بېرەلەيدۇ.

3. ئازوت، فوسفور، كالىينىڭ نىسبىتىنى تەڭشەپ ئوغۇتلاش لازىم. زىرائەتلەر ھەر خىل ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلىرىنى بەلگىلىك نىسبەتتە قانۇنىيەتلىك سۈمۈرىدۇ. ھەر خىل ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنىڭ ئۆزىگە خاس رولى بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ، مەسىلەن: ئازوت فوسفورنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى تېزلىتىدۇ، كالىي فوسفورنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ھەم زىرائەتلەرنىڭ ئازوتنى سۈمۈرۈپ پايدىلىنىشىنى تېزلىتىدۇ. ئازوت، فوسفور، كالىينى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە بىر - بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئويناپ ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

4. ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتلارنىمۇ تاللاپ ئىشلىتىش لازىم. ئۆسۈملۈكلەر سۈمۈرىدىغان مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ مىقدارى چەكلىك بولسىمۇ، بىراق كەم بولسا بولمايدۇ.

# تەرخەمەكتىكى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇلى

بۇخىلچەم قارى
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

**1. ماگنىي يېتىشمەسلىك ئالامىتى:** يوپۇرماق بىلەن يوپۇرماق تومۇرى ئارىسىدا، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسمىدا سارغىيىش ئالامەتلىرى پەيدا بولۇپ، يوپۇرماق تومۇرى ئەتراپى يېشىللىقىنى يوقىتىدۇ، ئېغىرلاشقاندا يوپۇرماق ساپىقىدىن ئۇچىغا قاراپ قۇرۇپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەرمو يەرگە 2.7 ـ 3 كىلوگىرام ماگنىي سولفات (硫酸镁) بېرىش ياكى 0.4% لىك ماگنىي سولفات ياكى ماگنىي خلور (氯化镁) ئېرىتمىسىنى ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم چېچىش كېرەك.

**2. تومۇر يېتىشمەسلىك ئالامىتى:** تەرخەمەكتە تۆمۇر يېتىشمىسە ئۆسۈش نۇقتىسىدىكى يېڭى يوپۇرماقلار يېشىللىقىنى يوقىتىپ سارغىيىدۇ، ئېغىر بولغاندا يوپۇرماق پۈتۈنلەي سارغىيىپ، كېسەللەنگەن يوپۇرماقلار كۆلرەڭگە ئۆزگىرىپ، يوپۇرماقتا داغ پەيدا بولىدۇ. مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەر موغا 5 ـ 10 كىلوگىرام تۆمۇر (Ⅱ) سۇلفات (硫酸亚铁) نى بېرىش ياكى 0.3% لىك تۆمۇر (Ⅱ) سۇلفات ئېرىتمىسىنى ھەر بەش كۈندە بىر قېتىم ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم چېچىش كېرەك.

---

5. مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى توغرا بېكىتىش لازىم. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇقنىڭ قويۇقلۇقى يۇقىرى، ئېرۇچانلىقى يۇقىرى بولسا ئاسان خورايدۇ، شۇڭلاشقا ئوغۇتلاش مىقدارىنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئوغۇتنى زىيادە كۆپ ئىشلىتىش يەنە يېتىپ كېتىپ، مەھسۇلات كېمىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى چوڭقۇر بېرىشكە دىققەت قىلىپ، ئازوت ئېلېمېنتىنىڭ پارغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئازوتلۇق ئوغۇتنى بەرگەندە تۇپراقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، بىرقانچە قېتىمغا بۆلۈپ مۇۋاپىق بېرىش لازىم. (05)

**3. كالتسىي يېتىشمەسلىك ئالامىتى:** تەرخەمەكتە كالتسىي يېتىلـ-گەندە غولى پاكارلاپ، يوپۇرماق ئۇچى قورۇلىدۇ، يوپۇرماق تومۇرىدا يېرىم ئۈتكۈزۈشچان ئاق رەڭلىك داغ پەيدا بولۇپ، يوپۇرماق تومۇرى ئەتراپى سارغىيىشقا باشلايدۇ. يوپۇرماق پۇرلۇشۇپ موگۇ شەكىلگە كىرىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا يوپۇرماق گىرۋىكى قۇرۇپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆ-رۈلسە، سۇغىرىشقا بىرلەشتۇرۇپ كالتسىي سوپېر فوسفات (过磷酸钙) نى ھەرمو يەرگە 20 ـ 30 كىلوگىرام بېرىش ياكى يىلتىز سىرتىدىن 0.5% لىك كالتسىي خىلور (氯化钙) ئېرىتمىسىنى چېچىش ياكى 1% لىك كالتسىي سولفات (硫酸钙) ئېرىتمىسىنى ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم چېچىش كېرەك.

**4. بور يېتىشمەسلىك ئالامىتى:** تەرخەمەكتە بور كەمچىل بولغاندا بوغۇم ئارىلىقى قىسقىراپ، يوپۇرماق كىچىكلەپ، يوپۇرماق گىرۋىكى قورۇ-لۇپ، مېۋە شەكلى ئۆزگىرىپ، كۈل رەڭ داغ پەيدا بولىدۇ. مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، سۇغىرىشقا بىرلەشتۇرۇپ ھەر مو يەرگە 1 ـ 1.5 كىلوگىرام بوراكس (硼砂) بېرىش ياكى 0.3% لىك بوراكس ئېرىتمىسىنى ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم چېچىش كېرەك.

**5. كالىي يېتىشمەسلىك ئالامىتى:** تۈپ پاكارلاپ، بوغۇم ئارىلىقى قىسقىراپ، يوپۇرماق كىچىكلەپ، قوڭۇر رەڭگە، يوپۇرماق گىرۋەكلىرى ئاچ يېشىلغا ئۆزگىرىدۇ، ئاخىرقى مەزگىلدە يېشىللىقنى يوقىتىپ يوپۇر-ماق قۇرۇپ كېتىدۇ، كالىي كەملىك ئالامەتلىرى ئاساسەن يوپۇرماق ئاس-تىدىن يوپۇرماق ئۇچىغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، قېرى يوپۇرماقنىڭ زىد-يانغا ئۇچرىشى ئېغىر بولىدۇ.

مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلسە ئورگانىك ئوغۇت بىلەن كالىيلىق ئوغۇت-نى تەڭشەپ بېرىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن سۇغىرىشقا بىرلەشتۇرۇپ ھەر-مو يەرگە 5 ـ 10 كىلوگىرام كالىي سولفات (硫酸钾) بېرىش ياكى يىلتىز سىرتىدىن 0.4% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) ياكى 0.3% لىك كالىي سولفاتنى ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم چې-چىش كېرەك. (05)

# كۆكتات ئۇرۇقىنى سۇغا چىلاپ بىر تەرەپ قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئامانگۈل مەمەت
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئۇرۇق باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

مايسا يېتىشتۇرۇش ياكى بىۋاسىتە تېرىشتا ئۇرۇقنى سۇغا چىلاپ بىر تەرەپ قىلسا، ۋاقتىدا، تولۇق ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئادەتتە ئۇرۇقنى سۇغا چىلاشتا تۆۋەندىكى بەش نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ئۇرۇقنى پاكىز يۇيۇپ، ئاندىن سۇغا چىلاش كېرەك. ئۇرۇق سىرتىدىكى قالدۇق نەرسىلەر ئۇرۇقنىڭ سۇ سۈمۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇرۇقنى پاكىز يۇيۇپ، سىرتىدىكى يۇقۇندىلارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن سۇغا چىلاش كېرەك.

2. ئۇرۇق چىلىنىدىغان سۇنىڭ پاكىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۇرۇقنى سۇغا مەلۇم ۋاقىت چىلانغاندىن كېيىن، سۇدىكى زىيانلىق ماددا مىقدارى ئېشىپ كېتىپ، ئوكسىگېن مىقدارى ئازىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۇغا چىلانغان ئۇرۇق ئاسان سېسىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇرۇق چىلانغان سۇنى ھەر 12 سائەتتە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ، سۇنىڭ پاكىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

3. ئۇرۇق چىلىنىدىغان سۇنىڭ مىقدارى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. ئۇرۇق چىلىنىدىغان سۇنىڭ مىقدارى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، ئۇرۇق تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ خورىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىش ئىقتىدارى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. سۇ مىقدارى بەك ئاز بولۇپ قالسا، ئۇرۇق تۆرەلمىسىنىڭ نەملىك سۈمۈرۈشى بىردەك بولماي، بىخلىنىشىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئۇرۇق چىلىنىدىغان سۇنىڭ مىقدارى ئۇرۇق مىقدارىنىڭ 5 ـ 6 ھەسسىسىگە توغرا كەلسە مۇۋاپىق بولىدۇ.

4. ئۇرۇقنىڭ سۇغا چىلىنىش ۋاقتى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. ئۇرۇقنىڭ سۇغا چىلىنىش ۋاقتى بەك قىسقا بولغاندا، ئۇرۇق يېتەرلىك مىقداردا سۇ سۈمۈرەلمەيدۇ ـ دە، ئۇرۇقنى سۇغا چىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولماي-

# ئىلمىي ئوغۇتلاشنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇلغىنىشىنى ئازايتىش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

دىلشات تۇردى
(چەرچەن ناھىيە توغراقلىق يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841900)

يېڭى يېزا بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ۋە ئىلغار تېخنىكىلارنى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، بايلىق مەنبەسىدىن ياخشى پايدىلىنىشنى خىزمەتنىڭ يادروسى قىلىش، مۇھىت ئاسراش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، بايلىق مەنبەسىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى ئازايتىشنى نىشان، ئادەم ۋە مۇھىت بايلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش تەرەققىيات دېمەكتۇر.

تېرىلغۇ يەرلەرنى قوغداش، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىكى ھالقىلىق مەسىلىدۇر. بىراق نۆۋەتتە دېھقانچىلىق ئوغۇتى ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى، يالتىراق يوپۇقنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى مەلۇم دەرىجىدىكى مۇھىت بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

ئاساسلىق ئىپادىسى: (1) ئازوتلۇق ئوغۇتنى قارىغۇلارچە ئىشلىتىش كۆكتاتلاردىكى نىترات كىسلاتا قالدۇقى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش ھەمدە مايسىلارنىڭ ئوغۇتتىن زەھەرلىنىپ قۇرۇپ كېتىش ۋە تۇپراق سۈپىتىنى ناچارلاشتۇرۇپ، مەھسۇلات تۆۋەنلەشنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا؛ (2) دېھقانچىلىق دورىلىرىنى چېچىش جەريانىدا كۆپ قىسمى تۇپراق ۋە ھاۋاغا چېچىلىپ، ئاز قىسمى زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈنۈمىگە ئىگە. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش قېتىم سانى كۆپەيگەنسېرى قالدۇق تەسىرى تېخىمۇ ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، تۇپراقتا قېلىش ۋاقتى ئۇزارغانسېرى

---

دۇ. ئۇرۇقنى سۇغا چىلاش ۋاقتى بەك ئۇزىراپ كەتكەندە، ئۇرۇق تۆرەلمىسىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ خورىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇرۇق تۆرەلمىسىنىڭ نورمال ئۆسۈشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

5. سۇغا بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىت چىلاشقا توغرا كېلىدىغان كۆكتات ئۇرۇقلىرىنى ئالدى بىلەن سۇغا مەلۇم ۋاقىت چىلاپ سۈزۈۋېلىپ، مەلۇم ۋاقىت شامالداتقاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق سۇغا چىلاپ، ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈپ چىقىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. (05)

مۇھىت بولغىنىش ئېغىرلىشىدۇ ۋە بولغانغان تۇپراقتا ئۆستۈرۈلگەن زىرائەت ياكى مېۋە ـ چېۋىلەر تۇپراقتىكى زەھەرلىك ماددىلارنى سۈمۈرۈپ، ئادەم تېرىسى بىلەن تۇپراقتىكى زەھەرلىك ماددىلارنى بىۋاسىتە ئۇچراشتۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۇسۇللارنى چوقۇم توغرا مۇۋاپىق قوللىنىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

**1. ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش:** ئازوت، فوسفور، كالىي يېزا ئىگىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىدىغان زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى زۆرۈر بولغان ئېلېمېنتلاردۇر. يېزا ئىگىلىكىدە مۇۋاپىق ئوغۇتلاشنى يولغا قويۇپ ئىلمىي تېخنىكىلىق ئۇسۇل بويىچە زىرائەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ ئوغۇتلىنىغاندا زىرائەت ۋە تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تەكشۈپۈۋلاشتۇرۇش، ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

**2. ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشنى كۈچەيتىش:** ئورگانىك ۋە ئانورگانىك ئوغۇتلاشنى بىرلەشتۈرۈش، كەڭ كۆلەمدە قوي، كالا ۋە ئات ئوغۇتلىرى بىلەن ئوغۇتلاشنى قانات يايدۇرۇپ، تۇپراق ئۈنۈمىنى، ئوزۇقلۇق قىممىتىنى ئاشۇرۇش، يېشىللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئورگانىك ۋە ئانورگانىك ئوغۇتلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش، مىكرو جانلىقلارنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىپ، ئورگانىك ئوغۇتلارنىڭ پارچىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ھورموس بولۇپ، تۇپراقتا كۆپلىگەن تۆشۈكچىلەرنى ھاسىل قىلىپ، تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىدىكى ئازوت، فوسفور، كالىينى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئوغۇتنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە پارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۈنۈملۈك ھالدا مۇھىت بۇلغىنىشنى ئازايتىدۇ. ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، زىرائەتلەرنى يېتەرلىك ئوزۇقلۇق ماددا بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئورگانىك ئوغۇتلاش ئاساسلىقى، ئانورگانىك ئوغۇتلاش قوشۇمچە، ئوتتۇرا، كېيىنكى دەۋردە مايسىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ ئوغۇتلاش، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاشنى قوللىنىپ، ئوغۇتنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە پارلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (05)

# زىيانسىز كۆكتاتلارنى ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

روشەنگۈل ئەبەي   رابىگۈل ھېيتاخۇن
(بورتالا شەھەرى چىندىل يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 833403)

1. ئورگانىك ئوغۇتلارنى كۆپلەپ بېرىش. كالا،قوي قىغى ۋە توخۇ مايىقى قاتارلىقلار ناھايىتى ياخشى بولغان ئورگانىك ئوغۇتتۇر. ئورگانىك ئوغۇتلار-نى دۆملەپ چىرىتىپ، كېسەللىك مىكروبى، ھاشارەت تۇخۇمى ئۆلگەندىن كېيىن ئىشلىتىش كېرەك.

2. نىترات ھالەتتىكى ئازوت ئوغۇتنى ئىمكانقەدەر ئاز ئىشلىتىش كې-رەك. ئاموننىي نىترات،كالىي نىترات،كالتسىي نىترات ۋە تەركىبىدە نىترات ھالەتتىكى ئازوت بولغان خىمىيىلىك ئوغۇتلار كۆكتاتلاردا ئاسانلا نىترات تۇزلىرىنىڭ جۇغلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆكتاتلارنى دۆلەت بەلگىلىگەن زىيانسىز ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈشتە چوقۇم ئازوت ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىش مىقدارىنى كونترول قىلىش، ئازوت ئوغۇتنى ئەڭ ياخشىسى مايسا مەزگىلدە ئۆلچەم بويىچە بەرگەندە كۆكتاتلارنىڭ بالدۇر يېتىلىشىگە ۋە تېز ئۆسۈشىگە پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نىترات تۇزلىرىنىڭ جۇغلىنىشىنى ئاستىلىتىدۇ.

3. كۆكتات تۈرلىرىگە قاراپ ئوغۇتلاش. ئوخشاش كۆكتات تۈرلىرىدە نىترات تۇزلىرىنىڭ جۇغلىنىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. سەۋزە، ياڭ-يۇ قاتارلىق تۈگىنەك غوللۇق كۆكتات تۈردىكىلەر بىلەن يۈپۈرمىقى ئىس-تېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلارغا نىترات ھالەتتىكى ئازوتلارنى ئىشلەتمەس-لىك لازىم. پىدىگەن تۈردىكى كۆكتاتلار ۋە پىلەكلىك كۆكتاتلاردا نىترات تۇزلىرىنىڭ جۇغلىنىش دەرىجىسى بىر قەدەر يېنىك بولغاچقا ئازوت ئو-غۇتلىرىنى ئازمىقداردا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما كۆكتاتلارنى يىغىۋېلىش-تىن 30 كۈن بۇرۇن ئازوت ئوغۇتى ئىشلىتىشنى توختىتىش كېرەك.

4. پەسىلنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئوغۇتلاش. ياز ۋە كۈز پە-سىللىرىدە تېمپېراتۇرا يۇقىرى، كۆكتات تەركىبىدىكى نىترات كىسلاتا تۇزلىرىنىڭ مىقدارى ئاز بولغاچقا ئازوت ئوغۇتنى مۇۋاپىق بېرىش؛ قىش ۋە ئەتىياز مەزگىلىدە قۇياش نۇرى ئاجىز بولغاچقا كۆكتاتلارغا نىترات تۇ-

## چىلانلىق باغلارنىڭ تۇپرىقىنى ياخشىلاش ئۇسۇلى

مەمەت ھاشىم
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

**1. تۇپراقنى ياخشىلاش:** قۇمساق تۇپراقلىق چىلانلىق باغلاردىكى قۇم تۇپراقلارنىڭ ئېقىپ يوقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، توپا بىلەن قۇمنى باستۇرۇپ قۇمنى تىزگىنلەش كېرەك. سېغىز تۇپراققا قۇم ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتۈشچانلىقىنى ياخشىلاش كېرەك. شورلىشىش ئېغىرراق چىلانلىق باغلارغا نىسبەتەن زەي چىقىرىش (زەيلىك) ئېرىقلىرىنى چېپىش، شورنى باسۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك.

**2. يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش:** ئادەتتە كۈزلۈك ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ باغ يېرىنى 40 ــ 60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇش كېرەك. كۆچەت تىكىلىپ 2 ــ، 3 ــ يىللىرى ئوغۇتقا بىرلەشتۈرۈپ باغنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

---

زى ئاسانلا جۇغلىنىۋالىدۇ، شۇڭا ئازوت ئوغۇتىنى ئاز مىقداردا بېرىش ياكى بەرمەسلىك كېرەك.

5. كۆكتات ئېتىزىنىڭ ئۇنۇمدارلىقىغا قاراپ ئوغۇتلاش. يۇقىرى ئۇنۇملىك كۆكتات ئېتىزىغا ئازوت ئوغۇتنى ئىشلەتمەسلىك ياكى ئاز مىقداردا بېرىش، تۆۋەن ئۇنۇملىك كۆكتات ئېتىزىغا ئورگانىك ئوغۇتلارنى كۆپلەپ بېرىش شەرتى ئاستىدا مۇۋاپىق مىقداردا ئازوت ئوغۇتنى قوشۇمچە بېرىش، ئادەتتە ھەر مو يەرگە 10 ــ 12 كىلوگىرام ئازوت ئوغۇتى بىلەن فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

6. يوپۇرماق يۈزىدىن ئوغۇتلاش. تۇگىنەك غوللۇق كۆكتاتلارغا يوپۇرماق يۈزىدىن مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتنى پۈركۈگەندە ئىشلىتىش مىقدارىنى ئۆلچەم بويىچە كونترول قىلىش كېرەك. يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلارغا يوپۇرماق يۈزىدىن ھەر خىل خىمىيەۋى ئوغۇت پۈركۈش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ. (05)

**3. كولتىۋاتسىيە قىلىش:** ئادەتتە سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ 10 ـ 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا، زىچ ئۆستۈرۈلگەن چىلانلىق باغلارنى مەخسۇس كولتىۋاتسىيە قىلىش ماشىنىسى ئارقىلىق كولتىۋاتسىيە قىلىپ، ئوت ـ چۆپلەر ئوتالسا ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ.

**4. كىرىشتۈرۈپ تېرىش:** چىلان دەرىخى بىرقەدەر كېچىكىپ بىخلايدۇ ھەم يوپۇرمىقى بالدۇر تۆكۈلىدۇ، شاخلىرى شالاڭ، يوپۇرمىقى كىچىك، يىلتىزىنىڭ تارقىلىشى شالاڭ بولۇپ، ئاشلىق زىرائىتى قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىسا، چىلان بىلەن زىرائەتنىڭ ئوغۇت، سۇ ۋە يورۇقلۇققا بولغان زىددىيىتى ئانچە كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ. كىرىشتۈرۈپ تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان زىرائەتلەردىن بۇغداي، كېۋەز، پۇرچاق ئائىلىسىگە تەۋە پاكار غوللۇق زىرائەتلەر بولۇپ، مۇۋاپىق تېرىسا قوش ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.

**5. يېشىل ئوغۇتلۇق زىرائەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش:** يېشىل ئوغۇت قىلىنىدىغان زىرائەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى پۇرچاق ئائىلىسىگە تەۋە زىرائەتلەر بولۇپ، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. يېشىل ئوغۇت قىلىپ تېرىلىدىغان زىرائەتلەردىن كۆك ماش، كۆك پۇرچاق قاتارلىقلار بار. بۇ زىرائەتلەر ئۆزۈن مەزگىل تېرىلسا تۇپراقنىڭ ئورگانىك مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۇپراقنىڭ داندارلىق قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سېلىپ، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ۋە ئوغۇت، سۇ ساقلاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.

**6. مۇۋاپىق ئوغۇتلاش:** تۇپراقنىڭ تەركىبىدىكى ئەسلىي ئوغۇت تەركىبى چىلاننىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى ئوغۇتقا بولغان تەلىپىنى قاندۇرالمايدۇ، شۇڭلاشقا مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ئارقىلىق، تۇپراقنىڭ ئوغۇت تەركىبىنى تولۇقلاپ، چىلان دەرىخىنىڭ ئوغۇتنى سۈمۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مۇقىم، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك بولۇشىغا ئاساس سېلىش كېرەك. (05)

# كىشمىش ئۈزۈمنىڭ پىشىش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى

ئارزۇگۇل يۇسۇپ
(تۇرپان شەھىرى يار يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838004)

1. چاتاشنى كۈچەيتىپ، تۈپ بېشىدىكى مېۋىلىمىگەن ئارتۇقچە نوتىلارنى شالاڭلىتىپ، باراڭنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى كېلەر يىللىق تەييارلىق نوتىلارنى 3 ـ 4 بوغۇم، باراڭنىڭ ئىچكى تەرىپىدىكى نوتىلارنى ئىككى بوغۇم قالدۇرۇپ كېسىش ھەم باراڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەرگە ساڭگىلاپ تۇرغان، ئىنچىكە، ئاجىز، پىشمىغان نوتىلارنى، شۇنداقلا كېسەللەنگەن، سارغىيىپ كەتكەن يوپۇرماقلارنى ئېلىۋېتىش ئارقىلىق، ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم.

2. قاسىراقلىق قۇرت ئۈزۈمنىڭ دېنى، ساپىقى، نوتىلىرىغا يېپىشىۋېلىپ، يېپىشقاق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىپ، يوپۇرماق ۋە مېۋىنى بۇلغايدۇ، ئوزۇقلۇقنى سۈمۈرۈپ، ئۈزۈمنىڭ ئۈچ قۇرۇشىنى پەيدا قىلىدۇ ھەم قەنت تەركىبىنى 2% ـ 3% تۆۋەنلىتىپ، ئۈزۈم سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا بۇ مەزگىلدە چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ ئۈزۈمنىڭ دېنى ۋە ساپىقى ئارىسىغا يېپىشىۋالغان قاسىراقلىق قۇرتنى قول بىلەن يىمىرىپ يوقىتىش لازىم، بۇ پەرۋىشنى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەپ بولۇش لازىم.

3. پەرۋىشنى كۈچەيتىپ ئۈزۈم ساپىقىنىڭ ئۈچ قىسمىدىكى ئۈچ قۇرۇشقا باشلىغان قىسمىنى كېسىۋېتىپ، قىسىلىپ قالغان ساپاقلارنى ساڭگىلىتىش ھەم ساپاق ئارىسىدىكى بەك سىقىلىپ كەتكەن، سېسىغان دانلارنى پاكىز ئېلىۋېتىپ شامالدىتىش لازىم.

4. ئۈزۈم پىشىش مەزگىلىدە سۇغىرىشنى كونترول قىلىپ، سۇغىرىش ئارىلىقىنى ئۇزارتىپ (ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم) سۇغىرىش ھەم ئېرىقنىڭ 2/3 قىسمىغىچە سۇغىرىش، بولۇپمۇ 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن كېيىن ئېرىقنىڭ 1/2 قىسمىغا كەلگۈچىلىك يېنىك سۇغىرىش، قۇر ئارىلىقلىرىغا سۇ چىقىرىۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم، بۇ ئارقىلىق ئۈزۈمنىڭ قەنت تەركىبىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، ساپاق ئۈچى قۇرۇش، كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۈزۈمنى ئۈزگەندە دان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە شۇ ئارقىلىق، نوتىلارنىڭ تولۇق پىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئۈزۈمنى ئۈزۈشتىن 7 ـ 10 كۈن بۇرۇن سۇغىرىشنى توختىتىش لازىم.

5. ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، سۇدا ئېرىشچانلىقى يۇقىرى بولغان چوڭ شى باۋ (冲施宝) قاتارلىق ئوغۇتلارنى ھەر موغا 10 ـ 15 كىلوگىرامنى سۇدىن ئېقىتىپ بەرگەندە ئۈنۈمى تېز ھەم ياخشى بولىدۇ. (03)

# ئۈزۈمنىڭ مۇھىم پەرۋىشى

ئوسمان زايىت
(بۈگۈر ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن 841600)

**1. يازلىق پەرۋىشى:** ئۈزۈم چېچەكلەشتىن 1 ـ 3 كۈن بۇرۇن، ھەر مو يەرگە بىر گىرام 920 نى 20 گىرام 95% لىك ئىسپىرتتا ئېرىتىۋېلىپ، 8 ـ 10 كىلوگىرام سۇغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، گۈل تىزمىسىغا تەكشى چېچىش ياكى چىلاش كېرەك. ئۈزۈم چېچەكلەش مەزگىلىدە دورا چاچماسلىق، سۇغارماسلىق، ئوت ـ چۆپ يوقاتماسلىق كېرەك. بولمىسا ئۈزۈمنىڭ چېچەكلەپ مېۋىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ، ئۈزۈم چېچەكلىگەندىن كېيىنكى 10 كۈن ئىچىدە يەنى چېچەكلەش مەزگىلى ئاخىرلىشىپ مېۋە سايىقى شەكىللەنگەن مەزگىلدە، 920 دورىسىنى يۇقىرى ئۇسۇل بويىچە ئىسپىرتتا ئېرىتىۋېلىپ، 10 ـ 12 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، مېۋە ساپاقلىرىغا تەكشى چېچىش كېرەك. ئۈزۈم تېلىنى يازلىق پۇتاشتا غول شاخلارنىڭ يەر يۈزىدىن يۇقىرىسىدىكى شاخلارنى 15 ـ 25 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ پۇتاش كېرەك. مېۋە شاخلىرى 8 ـ 10 تال يوپۇرماق چىقارغاندا مېۋە سايىقى ئۈستىدىن 5 ـ 6 تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۈزۈش كېرەك. ئۈنگەندىن 10 ـ 15 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قايتا ئۆسۈپ چىققان يېڭى نوتىلار 3 ـ 5 تال يوپۇرماق چىقارغاندا، 2 ـ 3 تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۈزۈش، مېۋە يوغىناش مەزگىلىدە قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. 3 ـ 4 يىللىق ئۈزۈم تېلىغا ئاموني سولفات (硫酸铵)، ئاموني نىترات (硝酸铵)، ئورىيا (尿素) قاتارلىق ئوغۇتلارنى ھەر مو يەرگە 10 ـ 15 كىلوگىرامدىن، ھەر بىر تۈپكە 100 ـ 150 گىرامدىن توغرىلاپ، ئۈزۈم تۈپىدىن 40 ـ 30 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولاپ كۆمۈپ بېرىش كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇتلار تېز ئۈنۈم بېرىپ، ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ۋاقتىدا تولۇقلاپ، ئۈزۈم تېلىنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**2. كۈزلۈك پەرۋىشى:** ① ئۈزۈم مېۋىسىنى ئۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاساسىي ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاپ، توك ياتقۇزۇش كېرەك. بۇنىڭ

(ئاخىرى 28 ـ بەتتە)

# ياڭاقنى بىخ ئۆلاڭ قىلغاندا ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرىلىتىش تەدبىرلىرى

پاتىگۇل ساۋۇت
(توقسۇ ناھىيە ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 842100)

ياڭاق سورتىنى ياخشىلاشتا چاسا شەكىللىك بىخ ئۇلاق ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، ياڭاقنى بىخ ئۇلاق قىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس،T شەكىللىك بىخ ئۇلاقتا ئۇلىنىدىغان ئورۇننى كېسىش بىلەن بىخ ئېلىشنى بىرلا ۋاقىتتا تاماملاش تەلەپ قىلىنىدۇ. چاسا شەكىللىك بىخ ئۇلاقتا بىخنى كېسىپ ئاجرىتىۋېلىپ، ئۇلاق ئاستىدىكى ئۇلىنىدىغان يەرگە بىخ چوڭلۇقىدا T شەكىللىك ئېغىز ئېچىپ، ئاندىن ئۇلاق ئاستىدىكى T شەكىللىك ئېغىزنىڭ ئىچىگە ئۇلىنىدىغان بىخنى ئاۋايلاپ كىرگۈزۈپ، يالتىراق شوينا بىلەن تېڭىۋېتىش كېرەك. T شەكىللىك بىخ ئۇلاق بىلەن چاسا شەكىللىك بىخ ئۇلاقنىڭ مەشغۇلات تەرتىپىدە ئاز بولمىغان ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. مەسىلەن، تېخنىكىغا پىششىق بولماسلىق، سۈرئەت ئاستا بولۇش، ھەرىكەت قوپال بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەي بولۇش نىسپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيۋاتىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياڭاق سورتىنى ياخشىلاش گەرچە قىيىن ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلاش سۈرئىتىنىڭ تېز - ئاستىلىقى ۋە ھەرىكەتنىڭ سىلىق - قوپاللىقى ئىنتايىن مۇھىم. چاسا شەكىللىك بىخ ئۇلاش ۋاقتى T شەكىللىك بىخ ئۇلاققا قارىغاندا بالدۇر، بىخ تېخىمۇ يۇمران بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلاش سۈرئىتى ئاستا بولۇپ قالسا بىخ ئوڭايلا سۇسىزلىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ياڭاقنىڭ يېشىل توقۇلمىلىرىدا تاننىن بولىدۇ. تاننىن (单宁) ھاۋادا ئاسانلا ئوكسىدلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاش سۈرئىتى ئاستىلايدۇ. ئۇلاق ئېغىزىنىڭ ئوكسىدلىنىش دەرىجىسى چوڭ بولسىمۇ ئۇلاشنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىخ ئالغان ۋاقىتتا كۆچىمىز بەك ئاجىز بولۇپ قالسا بىخنى ئاسانلىقچە ئاجرىتىۋالغىلى بولمايدۇ، بەك كۈچەپ كەتسە بىخ ئوڭايلا زىيانغا ئۇچرايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئەي بولۇشقا تەسىر يېتىدۇ. يەنە ئېلىۋەتكەن

بىخنى ئۆلاق ئاستىنىڭ ئىچىدە قالايمىقان ھەرىكەتلەندۈرسە بولمايدۇ، بولمىسا ناھايىتى ئاسانلا توقۇلما قەۋىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئۆلاش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرىلىتىش ئۈچۈن، ئۆلاش پىچىقى چوقۇم ئۆتكۈر بولۇشى، مەشغۇلات جەريانىنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇشى، ھەرىكىتى ئەپچىل، سۈرئىتى ئىمكانقەدەر تېز بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۆسۈش نۇقتىسىنىڭ بار ـ يوقلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ئورنىغاندا چوقۇم چىڭ تېڭىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلاقلىقنى ئەڭ ياخشىسى كەڭ دائىرىدە تاللاپ ئېلىش كېرەك. باشقا جايلاردىن ياڭاقنىڭ ئۆلاقلىقىنى ئالغاندا سەھەردە ياكى چۈشتىن كېيىن ھاۋا سالقىن ۋاقىتتا ئېلىش، ئۆلاقلىقنى ۋاقتىدا ئۈزۈپ رەتلەش لازىم. ئامال بار سۇ مىقدارىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆلاقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاندا ـ ساندا يوپۇرماق قىستۇرۇپ، ئۆزئارا زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئۆلاقلىقنى ئەڭ ياخشىسى كەچتە توشۇش، توشۇپ بولغان ئۆلاقلىقنىڭ ئورالمىسىنى ئامال بار تېز ئېچىش ھەمدە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ سېپىش كېرەك. ئۆلاقلىقنى ساقلاشتا ئەڭ ياخشىسى قاراڭغۇ، نەم جاينى تاللاش لازىم. ئەگەر نەملىك يېتىشمىسە داۋاملىق سۇ پۈركۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە بىر قېتىمدا يىغقان ئۆلاقلىقنى ئەڭ ياخشىسى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئىشلىتىپ بولۇش لازىم. ئۆلاقلىقنى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاشقا ماس كەلمەيدۇ. ھەر قېتىم قانچىلىك ئۆلاقلىققا ئېھتىياجلىق بولسا شۇنچىلىك ئېلىش، ئۆلاقلىقنى بىر قېتىمدا پۈتۈنلەي ئىشلىتىپ بولۇش، ئۆلاقلىقنى ئەڭ ياخشىسى چېلەكنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئاستىنى ئۈچ سانتىمېتىر سۇغا چىلاپ ئۈستىنى ھۆل لاتا بىلەن ئوراپ قويۇش لازىم. ئۆلاقلىقنى ئامال بار سالقىن، قاراڭغۇ جايغا قويۇپ، ئۆلاقچىدىكى سۇنىڭ سەرپ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئېھتىياجغا ئاساسەن ئېلىپ ئىشلىتىش لازىم. (03)

# دورا زىيىنى پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

نۇرجامال ئىسلام
(يەكەن ناھىيە ئىشغول يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844702)

**1. دورا زىيىنى پەيدا بولۇش سەۋەبى:** (1) بەزى ئوت يوقىتىش دورىسىنى چېچىش جەريانىدا پارلىنىپ ياكى شامالنىڭ ياردىمىدە ئۇچۇپ، قوشنا زىرائەتلەردە دورا زىيىنى پەيدا قىلىدۇ. ئالايلۇق، بۇغدايلىقتا 2, 4-D بوتىل (2, 4-D 丁酯) نى چاچسا، تومان دانچىلىرى 1000 ـ 2000 مېتىر يىراقلىقتىچە يېتىپ بېرىپ قوشنا زىرائەتلەردە دورا زىيىنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دورا پۈركۈگۈچنىڭ بېسىم كۈچى قانچە كۈچلۈك بولغانسېرى دورا تۇمان دانچىلىرى تېخىمۇ يىراق جايغا يېتىپ بېرىپ، دورا زىيىنى پەيدا قىلىدۇ؛ (2) قالدۇق دورىنىڭ ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى ئۇزۇن، ساقلىنىش ۋاقتى ئۇزاق بولغان ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىلىرىغا سەزگۈر زىرائەتلەرنى كېيىنكى ئېكىنزىغا تېرىسا، ئاسانلا دورا زىيىنى كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق، كېۋەز ئېتىزىغا تىرىفلۇرالىن (氟乐灵) نى چاچقاندىن كېيىن، ئېكىنزىغا بۇغداي، قوناق تېرىسا ئاسانلا دورا زىيىنى كۆرۈلىدۇ؛ (3) دورا چېچىش ماشىنىسىنىڭ ئىقتىدارى ناچار ياكى دورا چېچىش مەشغۇلاتى توغرا بولمىسا ئاسانلا دورا زىيىنى كۆرۈلىدۇ، چوڭ تىپلىق كۆپ پۈركۈش ئېغىزى بار دورا پۈركۈگۈچنىڭ پۈركۈش ئېغىزىدىكى ئېقىم مىقدارى بىردەك بولمايدۇ. شۇڭا كۆپىنچە ھاللاردا قىسمەن جايلارغا دورا كۆپ چېچىلىپ كېتىپ، زىرائەتلەرنى دورا زىيىنىغا ئۇچرىتىدۇ. دورا پۈركۈگۈچنى پاكىز يۇيۇپ تازىلىمايلا دورا قاچىلاپ ئىشلەتسە، قالدۇق دورا زىرائەتلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ؛ (4) ئوخشاش بولمىغان ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى، مىكروب يوقىتىش دورىسى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتمىسە، زىرائەتلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ؛ (5) دورا چاچقاندىن كېيىن تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كەتسە، يامغۇر ياغسا، يورۇقلۇق كۈچىيىپ كەتسە، تۇپراق بەك نەم بولسا دورىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ ياكى ئاسانلا دورا زىيىنى كۆرۈلىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى:** (1) ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى بويىچە ئىشلىتىش ۋە ئاسان پارلىنىدىغان ياكى ئۇچۇپ يۆتكىلىدىغان ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىلىرىنى ھاۋا ئوچۇق، شامالسىز

كۆنلەردە چېچىش كېرەك؛ (2) ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىلىرىنى ئالماشـ تۇرۇپ چېچىش، بىر خىل ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنى كۆپ يىل ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا تۇپراقتىكى دورا قالـ دۇقى زىرائەتنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتـ كۈزىدۇ ھەتتا ئېغىر بولغاندا دورا زىيىنى پەيدا قىلىدۇ؛ (3) دورا پۈركۈشـ تىن بۇرۇن دورا پۈركۈگۈچنى پاكىز يۇيۇپ تازىلاش ۋە ئەستايىدىل تەكـ شۈرۈپ، بۇزۇلغان يەرلىرىنى رېمونت قىلىش كېرەك؛ (4) ئوت يوقىتىش دورىلىرىنى باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، دورا ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدىغان ـ يەتمەيدىغانلىقىنى، زىرائەتنى دورا زىيىنىغا ئۇچرىتىـ دىغان ـ ئۇچراتمايدىغانلىقىنى ئالدىن ئويلىشىش كېرەك؛ (5) ئوخشاش بولمىغان ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىلىرىنىڭ ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، دورا چېچىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق تاللاپ، دورا زىيىنى كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مەسىلەن: تىرىفلۇرالىننى يورۇقلۇق ئاجىز ياكى قاراڭغۇ چاغدا چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (03)

(بېشى 24 ـ بەتتە)

ئۇچۇن ھەر مو يەرگە 3000 ـ 4000 كىلوگىرام ئېغىل قىغىغا يانتاق، بۇيا قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈزۈم تۈپىدىن 40 ـ 50 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 40 ـ 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا نۇرسىمان ئېرىق ياكى ھالقىسىمان ئورەك كولاپ كۆمۈپ بېرىش كېرەك؛ ② كۈزدە ئۈزۈم تېلىنى چاتاش ئارقىلىق يورۇقلۇق، ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاپ، كېلەر يىللىق مەھسۇلاتىغا ياخشى ئاساس سالغىلى بولىدۇ. شۇڭا شۇ يىللىق مېۋە بەرگەن بىر يىللىق، كۈچلۈك ئۆسكەن شاخلارنى 2 ـ 3 بوغۇم قالدۇرۇپ كېسىۋېتىش كېرەك. ئاجىز ئۆسكەن، تولۇق پىشمىغان شاخلارنى 1 ـ 2 بوغۇم قالدۇرۇپ كېسىۋېتىش كېرەك؛ ③ ئۈزۈم تېلىنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى توڭ ياتقۇزۇش ھەمدە ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ، بىرىنـ چى قېتىمدا 10 ـ 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا، ئىككىنچى قېتىمدا 30 ـ 40 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا بىلەن كۆمۈش كېرەك. (03)

# شوخلىنىڭ كىندىك چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

ئادىلجان موسا   زىلەيبۇۋى ئىمام
(غۇلجا شەھىرى توغراق يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن 835009)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەللىك چوڭ ئېتىزلاردا كۆپرەك، پارنىكتا ئازراق كۆرۈلىدۇ. مېۋىنىڭ ئۇچى تەرىپىدىكى كىندىك قىسمىدا ئالدى بىلەن تۇتۇق يېشىل رەڭلىك سۇغا چىلاپ قويغاندەك، دىيامېتىرى تەخمىنەن 1 ـ 2 سانتىمېتىر كېلىدىغان كېسەللىك دېغى شەكىللىنىدۇ. كېيىن كېڭىيىپ مېۋىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، ناھايىتى تېزلا قارا رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. مېۋىنىڭ كېسەل تەگمىگەن قىسمى مۇددەتتىن بۇرۇن قىزىرىدۇ. كېسەللەنگەن قىسمى نەم شارائىتتا كۆپىنچە ئارىلاشما مىكروبلار بىلەن يۇقۇملىنىپ، قارامتۇل يېشىل ياكى ئالا قىزىل رەڭلىك تىۋىتسىمان ماددىلار ھاسىل بولىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** شوخلىنىڭ كىندىك چىرىش كېسەللىكى بىر خىل فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭ كېسەللىك مىكروبى بولمايدۇ. بۇ كېسەل سۇ ياكى كالتسىي ماددىسىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇزۇنغىچە قۇرغاقچىلىق بولسا يوپۇرماقنىڭ پارغا ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى كۈچىيىپ، سۇ بىلەن تەمىنلىنىشى يېتەرلىك بولماي، كىندىك چىرىش كېلىپ چىقىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كالتسىي ماددىسى يېتەرلىك بولمىسا كىندىك قىسمىدىكى ھۈجەيرىلەردە فىزىيولوگىيەلىك قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىپ، كېسەللىك كۆرۈلىدۇ. شوخلىنىڭ كىندىك چىرىش كېسىلى تېخى قىزارمىغان شوخلا مېۋىسىدە ئاسانلا پەيدا بولىدۇ، دەسلەپكى مەزگىلدە كۆپ سۇغىرىلغان، كېيىنكى مەزگىلدە سۇغىرىلمىغان يەرلەردە كېسەللىك ئېغىر پەيدا بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىشتا، ئەڭ مۇھىمى پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ساغلام مايسا يېتىشتۈرۈش، ۋاقتىدا شاخ رەتلەپ، سۇنىڭ كۆپلەپ پارغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، شۇنداقلا كالتسىي ئوغۇتى بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش لازىم؛ (2) شوخلا مېۋە تۇتقاندىن كېيىن 30 كۈن ئىچىدە كالتسىي ماددىسىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا 0.1% لىك كالتسىي نىترات (硝酸钙) ياكى 1% لىك كالتسىي سوپېر فوسفات (过磷酸钙) ئېرىتمىسى بىلەن يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش لازىم؛ (3) ئۇنىڭدىن باشقا 35-25ppm قويۇقلۇقتىكى توماتوتون (番茄灵) نى چېچەككە پۈركۈش ياكى 20-15ppm قويۇقلۇقتىكى «2, 4-D» نى چېچەككە ياكى چېچەك بېغىشىغا سۈرۈش كېرەك. (02)

# يىدىگەننىڭ كولراڭ پاختىلىشىش كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

خەيرىنسا ئەخمەتجان
(غۇلجا شەھىرى كېپەكيۈزى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن 835011)
رەخمىتۇللا شەمشىدىن
(غۇلجا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 835000)

يىدىگەننىڭ كولراڭ پاختىلىشىش كېسەللىكى يىدىگەندە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، كېسەللىك مىكروبى يىدىگەنگە زىيان سالغاندىن باشقا، تەرخەمەك، شوخلا، قورۇما كاۋىسى، كۆكمۇچ، پۇرچاق، غولپىياز قاتارلىقلارغىمۇ زىيان سالىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** ئاساسلىقى يوپۇرماق، غول، چېچەك ۋە مېۋىلەرگە زىيان سالىدۇ. يوپۇرماقتا كېسەللىك كۆرۈلسە دەسلەپتە يوپۇرماق يۈزىدە سۇلۇق داغ پەيدا بولىدۇ. كېيىنچە بۇ داغلار سۇس كول رەڭگە ئۆزگىرىپ، يوپۇرماق يۈزىدە ئۇزۇنچاق كول رەڭ پاختىسىمان ماددىلار پەيدا بولىدۇ. غول ۋە شاخچىلىرى يۇقۇملانسا دەسلەپتە سۇلۇق تەرتىپسىز كېسەللىك داغلىرى پەيدا بولىدۇ. بۇ داغلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، سۆسۈن رەڭدىن يېشىلغا، كېيىن كۆكۈش رەڭلىك پاختىسىمان ماددىلار پەيدا بولىدۇ. مېۋىسى يۇقۇملانسا كېسەللىك مىكروبى گۈل بەرگى گۈل سۈپىسى ۋە ئانىلىق تۇمشۇقى ئىچىدە ساقلىنىپ، كېيىنچە مېۋىگە يامراپ، مېۋە يۈزىدە قوڭۇر رەڭلىك سۇلۇق يۇمشاق چىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە مېۋە يۈزىدە بىر قەۋەت پاختىسىمان ماددا پەيدا بولۇپ، مېۋىنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) كېسەلگە چىداملىق سورتلارنى تېرىش، تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىش كېرەك. چۆنەكنى ئېگىز ئېلىپ تېرىش، يوپۇق يېپىپ تېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. (1) كېسەللىك يۈز بەرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە 40% لىك شىجيالي (施佳乐) سۇتسىمان مايلىق دورىسىنىڭ 800~1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 50% لىك روۋرال (扑海因) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى، 50% لىك سۇملېكس (速克灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1000 ھەسسىسىنىڭ ئېرىتمىسىنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاپ

# تۈرۈبىنىڭ قارىداپ چىرىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

رىزۋانگۈل توختىشا
(توقۇزتارا ناھىيە تېكىبەرىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835406)

بۇ كېسەللىك رايونىمىزغا ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن كۆز - لۈك تۈرۈپ ئېغىرراق زىيانغا ئۇچرايدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامەتلىرى:** كۆپىنچە يوپۇرماق ۋە يىلتىزدا پەيدا بولىدۇ. يوپۇرماق كېسەللەنسە، دەسلەپتە يوپۇرماق گىرۋىكى سارغىيىدۇ، يوپۇرماق گىرۋىكىدىن ئىچى تەرەپكە قاراپ «V» شەكىللىك ساغۇچ قوڭۇر رەڭلىك داغلار شەكىللىنىدۇ. يوپۇرماق تومۇرى قارا رەڭگە ئۆزگىرىپ، ئاخىرىدا قۇرۇپ قالىدۇ. گۆشلۈك يىلتىزى كېسەللەنسە سىرتتىن قارىغاندا ھېچ- قانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ، لېكىن تۈرۈپنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ كۆرگەندە، ساغۇچ قارامتۇل رەڭلىك ئۈزۈن يوللۇق سىزىق كۆرۈلىدۇ، ئاخىرىدا گۆش- لۈك يىلتىزى قۇرۇپ چىرىپ كېتىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** كېسەللىك مىكروبى كېسەل قالدۇقى، ئۇرۇقلۇق توپا ۋە ئۇرۇقتا قىشلايدۇ. كېسەللىك مىكروبى يۇمران مايسىنىڭ پەللە يوپۇرمىقىدىكى ھاۋا تۆشۈكچىلىرىدىن يۇقۇپ كىرىدۇ ۋە كېسەل پەيدا قىلىدۇ. يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە يۇقىرى نەملىك بۇ كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشىنى

---

يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا 2 ـ 3 قېتىملا چېچىش لازىم؛ (3) 10% لىك سۇمىلېكىس ئىسلاش دورىسى، 45% لىك داكونىل (百菌清) ئىسلاش دورىسىدىن ھەر مو يەرگە بىر كىلوگىرامدىن تەييارلاپ، ئىشىك، دېرىزى- لەرنى ھەم ئېتىپ ئىسلاپ، ئىككىنچى كۈنى ئىشىك، دېرىزىلەرنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، مەيلى پۈر- كۈيدىغان دورا بولسۇن ياكى ئىسلايدىغان دورا بولسۇن ھەر قايسىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئىشلىتىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا دورا ئۈنۈمىگە كاپا- لەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. (02)

ئىلگىرى سۈرىدۇ. بالدۇر تېرىلغان، يامغۇر كۆپ ياغقان، يەر تەكشى بولمىغان ئېتىزلاردا كېسەللىك ئېغىر پەيدا بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش:** (1) مۇۋاپىق نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، دائىم كېسەللىك يۈز بېرىدىغان ئېتىزلارغا 2 ـ 3 يىلغىچە بۇ خىلدىكى كۆك ـ تاتلارنى تېرىماسلىق، ۋاقتىدا تېرىش، يەنى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرى تېرىپ بولۇش لازىم؛ (2) ئۇرۇقنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ تېرىش كېرەك. ئۇرۇق ئېغىرلىقىنىڭ 0.3% گە باراۋەر كېلىدىغان 50% لىك تىرام (福美双) نەملىنىشچان پاراشوكىنى ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش ياكى 72% لىك دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان ستروپتومىتسىن (农用链霉素) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىغا ئۇرۇقنى ئىككى سائەت چىلاپ ئاندىن تېرىش كېرەك؛ (3) تۇپراقنى بىر تەرەپ قىلىش، يەنى كېسەللىك ھەر يىلى يۈز بېرىدىغان تۇپراقنى ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇن 50% لىك تىرام نەملىنىشچان پاراشوكى، 35% لىك رىدومى (甲霜灵) قاتارلىقلاردىن خالىغان بىرىنى تاللاپ، ھەر مو يەرگە 0.8 كىلوگىرام ئېلىپ، ئۇنىڭغا 20 ـ 30 كىلوگىرام قۇرۇق، يۇمشاق توپا ئارىلاشتۇرۇپ تەكشى چاچقاندىن كېيىن يەرنى ئاغدۇرۇش كېرەك. ئەتىيازلىق تۇرۇپنى ئەڭ ياخشىسى يەرگە يالتىراق يوپۇق يېپىپ تېرىپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىپ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. شۇنداقلا مايسا مۇقىملاش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (4) دورا ئارقىلىق كونترول قىلىشتا، 77% لىك كېشادې (可杀得) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 45% لىك ئاموبام (代森铵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ستروپتومىتسىن قاتارلىق دورىلارنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاپ 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم چېچىش لازىم. (02)

## تەرخەمەكىنىڭ فىروۋسىمان ياختىلىشىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

پاتىمە ئوبۇل
(غۇلجا شەھىرى كېپەكيۈزى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835011)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەللىك تەرخەمەككە ئېغىر زىيان سېلىپلا قالماي، قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا قاتارلىقلارغىمۇ زىيان سالىدۇ. كېسەللىك كۆرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە سولۇق، سېرىق توچكىلار پەيدا بولىدۇ. بۇلار تەرەققىي قىلىپ كېڭەيگەندىن كېيىن كۆپ بولۇڭلۇق، سۇس قوڭۇر داغقا ئايلىنىدۇ. نەملىك يۇقىرى شارائىتتا يوپۇرماق دۈمبىسىدىكى داغدىن كۈلرەڭ قارامتۇل ياختىلاشقان ماددىلار ئۆسۈپ چىقىپ، مۇۋاپىق شارائىتتا تېز تارايدۇ، يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ قورۇلۇپ، ئوتتا كۆيگەندەك بولۇپ قالىدۇ.

**2. كېسەللىك سەۋەبلىرى:** (1) كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى؛ (2) يامغۇرلۇق، تۇمانلىق ھاۋارايىنىڭ كۆپ بولۇشى؛ (3) ئېتىزدا سۇ يىغىلىپ قېلىش؛ (4) يېتەرلىك ئوغۇتلانمىغان، زىچ ئۆستۈرۈلگەن، يورۇقلۇق، ھاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتى ناچار بولۇش قاتارلىقلار.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تەدبىرلىرى:** (1) كېسەللىگە چىدامىلىق سورتلارنى تېرىش، ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، نەملىكنى تىزگىنلەش؛ (2) كېسەللىك كۆرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە 64% لىك ساندۇفان (杀毒矾) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 72% لىك پۇلىكې(普力克) سۇيۇق دورىسىنىڭ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى تۇمانلىتىپ پۈركۈپ ئالدىنى ئېلىشقا بولىدۇ. دورا پۈركۈگەندە تەكشى پۈركۈش، دورىلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك. (02)

# مېۋىلىك دەرەختىكى چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئاينۇر مەمەت تۇنساگۈل تۇردى
(كورلا شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 841000)

مېۋىلىك دەرەختىكى چىرىش كېسىلىنىڭ زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، كېسەللىك باكتېرىيەسى دەرەخ قوۋزىقى ياكى ياغاچلانغان قىسمىدىكى يوچۇقلارغا كىرىۋېلىپ قىشتىن ئۆتىدۇ. كېسەللىك دېغى باش ئەتىيازدا بۆلۈنگۈچى ئىسپورا ھاسىل قىلىدۇ. ئىسپورا شامال ۋە يامغۇردا تارقىلىپ، ھەرە ياكى قايچىدا كېسىلگەن، ئۇششۇك تەگكەن، كېسەللىك ھاشاراتلاردىن زەخىملىنىپ چىرىگەن ئورۇنلاردىن ياكى توقۇلمىلىرى ئۆلگەن يۇيۇرماق ئىزلىرىدىن دەرەخ تېنىگە كىرگەندىن كېيىن، ئەتىياز ۋە كۈزدە ئىككى قېتىم كېسەللىك كۆرۈلۈپ، يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. چىرىش كېسىلى - كورلىدىكى نەشپۈت كېسەللىكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر كېسەللىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسلىقى نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئاساسىي غولى، ئاساسىي شېخى، يان شېخى ۋە كىچىك شاخلىرىغا زىيان سالىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى ياخشى ئىشلەش زۆرۈر.

1. پەرۋىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەر شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

2. ئۆز ۋاقتىدا شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاش، مېۋىسىنى ۋاقتىدا يىغىۋېلىش، مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىنلا ئەلا سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇت بېرىپ كېسەلگە چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش، ئۇششۇك تېگىشتىن ساقلىنىش قاتارلىقلار چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر ھېسابلىنىدۇ.

3. ئاساسىي شاختىكى كېسەللەنگەن توقۇلمىلارنى قىرىۋېتىش كېرەك. ئەتىيازدا چىرىش كېسىلى ئەمدىلا باشلانغان ۋاقىتتا كېسەللىك داغلىرىنى قىرىۋېتىپ، قىرىلغان يەرگە 10 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇلغان 9281، 843، كاڭ فۇجى (康复剂)، 100 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇلغان خاۋ لى كې (好力克) قاتارلىقلارنى سۈرۈش كېرەك. چىرىش كېسىلىنىڭ كېسەللىك دېغى پۈتكەن يارا ئېغىزىدا نەشپۈت قوۋزاق قۇرتى ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

# ئۈزۈمدە دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

رىزۋانگۈل مويدۇن
(كورلا شەھىرى ئاۋات يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841000)

**1. پاختىلىشىش كېسىلى:** (1) ئۈزۈم مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن باغنى تەلتۆكۈس تازىلاپ، يەر يۈزىدىكى كېسەللىك قالدۇقلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش، قېرىغان قوۋزاقلارنى قىرىۋېتىش كېرەك؛ (2) كېسەللىك كۆرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نىڭ 800 - 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى، 75% لىك داكونىل (百菌清) نىڭ 600 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى، 50% لىك تىرام (福美双) نىڭ 600 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 50% لىك تۈزېت (退菌特) نىڭ 600 - 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى قاتارلىقلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ 10 - 15 كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا 3 - 5 قېتىم پۈركۈسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

---

دورا سۈرگەن ۋاقىتتا دورىغا بەلگىلىك مىقداردا ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى قوشۇۋېتىش كېرەك.

4. ئەتىيازدا مېۋىلىك دەرەخ بىخلىنىشتىن بۇرۇن، 40% لىك ئاسومات (福美砷) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 200 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چاچقاندا چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن مۇشۇ دورىنى 400 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ يەنە بىر قېتىم چاچقاندا ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

5. دەرەخ شاخلىرىغا ھاك سۈيى سۈرۈپ ئۈششۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەر توڭلاشتىن بۇرۇن (11 - ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرى) ئاقارتقۇچ تەييارلاپ (سۇ 10 ئۈلۈش، خام ھاك ئۈچ ئۈلۈش، گۈڭگۈرت 0.5 ئۈلۈش، تۇز 0.5 ئۈلۈش، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك مېيىدىن 0.5 ئۈلۈش ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ)، ئاساسىي شاختىن ئاساسىي غولىغىچە بولغان 0.5 مېتىر ئورۇنغا سۈرۈپ، ئۈششۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (02)

**2. قىرۋۇسمان پاختىلىشىش كېسىلى:** (1) كېسەل تەگكەن يوپۇرماق، مېۋىلەرنى داۋاملىق تۇردە كۆيدۇرۇش، باغنى تازىلاپ تۇرۇش، باغدىكى سۇنى چىقىرىۋېتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، باغ ھاۋاسىنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشنى كۈچەيتىپ، تۇپلەرنىڭ كېسەلگە چىداملىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ (2) كېسەللىك كۆرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە 25% لىك رىدومىل(瑞毒霉) نىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 40% لىك ئېتىل فوسفوناتنىڭ 300 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 40% لىك شىياۋجۇنلىڭ (消菌灵) نىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 64% لىك ساندۇفان(杀毒矾) نىڭ 500 ـ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 50% لىك تۇزېتىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسنى7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا 3 ـ 4 قېتىم پۈركىسە ياكى ھەر 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم 160 ـ 200 ھەسسىلىك بوردو سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈسە بولىدۇ.

**3. ئۈزۈم كۆيدۈرگە كېسىلى:** (1) ئۈزۈم مېۋىسى يوغىناشتىن بۇرۇن خالتا كىيدۈرۈش تېخنىكىسىنى قوللانسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ؛ (2) ئۈزۈم بىخ چىقىرىشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم 5% لىك جۇندۇچىڭ (菌毒清) سۇيۇق دورىسىنىڭ 200 ـ 300 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك؛ (3) مېۋىسى يوغىناشتىن بۇرۇن 50% لىك باۋستىنىنىڭ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 70% لىك زىنېپ (代森锌) نىڭ 600 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم چېچىپ ئالدىنى ئالسا بولىدۇ.

**4. ئۈزۈم قارا چېچەك كېسىلى:** (1) تىنچلىنىش مەزگىلىدە باغ يېرىدىكى كېسەللەنگەن شاخ، يوپۇرماق، نوتا قاتارلىقلارنى پاكىزە تازىلاپ، يوقۇم مەنبەسىنى ئازايتىش كېرەك؛ (2) بىخ كۆپۈشكە باشلىغان مەزگىلدە

# تەرخەمەكىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

مەۋلان مەنسۇر   خۇرشىدەم ئەزىز
(غۇلجا شەھەرلىك يېزائىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 835000)

1. فوسفۇرنىڭ ئارتۇق كېتىشى: تۇپراق تەركىبىدە فوسفۇر ئېلېمېنتى ئارتۇق كەتسە تەرخەمەكىنىڭ بوغۇم ئارىلىقى قىسقىراپ، يوپۇرمىقى توغرىسىغا كېڭىيىدۇ. يوپۇرماق رەڭگى تەكشىسىز بولۇپ، مايسىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇشچانلىقى ئاجىزلايدۇ. مېۋىسى ئۇششاقلاپ غەيرىي مېۋە شەكىللىنىدۇ، مېۋە پوستى قېلىنلاپ تەمى قىرتاق بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن فوسفۇرلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشنى كونترول قىلىش، تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن ئازوتلۇق ئوغۇتنى كۆپرەك بېرىش لازىم.

2. ئازوتنىڭ ئارتۇق كېتىشى: ئازوت ئارتۇق كەتسە تەرخەمەكىنىڭ بوغۇم ئارىلىقى ئۇزۇراپ، يوپۇرماق تارىيىدۇ. كېسەلگە چىداملىقى ئاجىزلاپ، مېۋىنىڭ سۇ تەركىبى ئېشىپ كېتىدۇ. مېۋە پوستى نېپىزلىشىپ، ئاچچىق ياكى تەمسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئازوتلۇق ئوغۇتنى كونترول قىلىپ، كالىيلىق ئوغۇتنى تولۇقلاپ بېرىش لازىم.

---

بائومى بەش گىرادۇسلۇق هاك ـ گۆڭگۈرت بىرىكمىسى ۋە 10% لىك ئاممونىي سولفات ئېرىتمىسىنى چېچىپ، قىشتىن ئۆتىدىغان كېسەللىك مىكروبلىرىنى يوقىتىش كېرەك؛ (3) چېچەكلەشتىن ئىلگىرى، چېچەكلىگەندىن كېيىن بىر قېتىمدىن 200 ـ 240 ھەسسىلىك بوردو سۇيۇقلۇقى پۇركۈش ئارقىلىق چېچەك، مېۋىسى قوغدىلىدۇ؛ (4) ئاخىرقى مەزگىلدە 50% لىك داكونىلنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى بىلەن بوردو سۇيۇقلۇقىنى ئىشلىتىش كېرەك. 50% لىك باۋىستىن نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، 5% لىك داكونىل سۇيۇق دورىسىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى پۇركۈش ئارقىلىقمۇ كېسەللىكنى يوقاتقىلى بولىدۇ. (02)

3. تۆۋەن تېمپېراتۇرا زىيىنى: تەرخەمەك ئۆسۈش جەريانىدا تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا يولۇقسا، يوپۇرمىقى كىچىكلەپ چۆرۈكلىشىدۇ. بوغۇم ئارىلىقى قىسقىرايدۇ. مېۋىسى ئۇششاقلاپ، مېۋە پوستىنىڭ تەمى ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سوغۇققا چىدامچان سورتلارنى تاللاپ تېرىش، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق پەسىل كېلىشتىن بۇرۇن مايسا چېنىقتۇرۇش، ئۇششاق مېۋىلەرنى يۇلۇۋېتىش، پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئاشۇرۇش لازىم.

4. يۇقىرى تېمپېراتۇرا زىيىنى: پارنىك، لاپاسلار 4- ئايدىن كېيىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلاپ، تەرخەمەك غولى ئىنچىكىلەپ، يوپۇرمىقى ئۇششاقلايدۇ. ئۆسۈشى ئاستىلاپ، مېۋىسى كىچىكلەپ، تەمى ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پارنىك لاپاسلارنى 8℃ - 30℃ ئارىلىقىدا كونترول قىلىش، ئاز سۇ بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا سۇغىرىپ، ھاۋادانلىرىنى ئېچىپ شامالدىتىپ، تېمپېراتۇرىنى كونترول قىلىش لازىم.

5. زەھەرلىك گازنىڭ زىيىنى: ئوت قالىنىدىغان پارنىك، لاپاسلاردا ئاسانلا كۆمۈر گازى چىقىپ كېتىش ياكى تولۇق چىرىمىگەن ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىغاندا پارنىك ئىچىدە ئاسانلا غەيرىي پۇراقلىق گاز پەيدا بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، يوپۇرماق گىرۋەكلىرىنى بويلاپ سارغىيىپ يۆگۈشىدۇ. شۇنىڭدەك يوپۇرماق يۈزى ئويمان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پارنىكلارنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىش، تېز ئېرىۈچان ئوغۇتلار بىلەن ۋاقتىدا قوشۇمچە ئوغۇتلاش ئېلىپ بېرىش، ئاممونىي كىسلاتالىق يوپۇرماق ئوغۇتلىرىنى يوپۇرماقتىن پۈركۈش ئارقىلىق مايسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. (03)

# كېۋەز غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

رابىيە ياسىن
(بۈگۈر ناھىيە بۈگۈر بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841600)

كېۋەز غوزا قۇرتى شىنجاڭدا بىر يىلدا ئۈچ ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. 1 ـ ئەۋلادى كېۋەزگە 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ زىيان سېلىشقا باشلايدۇ. 2 ـ ئەۋلادى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، 3 ـ ئەۋلادى 9 ـ ئايدا ئۇزۇكسىز زىيان سالىدۇ. (1) خىمىيەلىك كونترول قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. غوزا قۇرتى كۈچلۈك، باراقسان ئۆسكەن، شاخ ـ يوپۇرماقلىرى كۆپ بولغان ئېتىزدا كۆپلەپ تۇخۇم تۇغىدىغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە كېۋەزنىڭ خىمىيەلىك كونترول قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (2) كېۋەزنىڭ پەرۋىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. يەنى كېۋەز تۆۋىنى يۇمشىتىش، ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا ئوتاش، هارام ـ شاخ ۋە قېرى يوپۇرماقلارنى ئېلىۋېتىش، ئۈچىنى ئۈزۈش قاتارلىق پەرۋىشلەرنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، كېۋەز ئېتىزنىڭ هاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاپ، يېتىلگەن هاشارەتنىڭ تۇخۇم تۇغۇشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ؛ (3) ئادەم كۈچى بىلەن لىچىنكىسىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش كېرەك؛ (4) تېرەك شاخ باغلىمى ۋە خىرە نۇرلۇق چىراغ ئارقىلىق پەرۋانىسىنى ئالداپ يوقىتىش كېرەك. غوزا قۇرت پەرۋانىسىنىڭ نۇرغا، تېرەك شاخ، يوپۇرمىقىغا ئىنتىلىش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، كېۋەز ئېتىزىغا مۇۋاپىق ئارىلىقتا خىرە نۇرلۇق چىراغ ئېسىش ۋە تېرەك شاخ باغلىمى قويۇش ئارقىلىق، غوزا قۇرت پەرۋانىسىنى يوقاتقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جىنسىي جەلپ قىلىش دورىسى ئارقىلىقمۇ غوزا قۇرتىنىڭ پەرۋانىسىنى ئالداپ يوقاتقىلى بولىدۇ.

5. غوزا قۇرتىنىڭ كۈشەندىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. خانقىز، ئالتۇنكۆز، پارازىت چىۋىن قاتارلىق كۈشەندىلەر غوزا قۇرتىنىڭ تۇخۇم، لىچىنكىلىرىنى يەيدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق غوزا قۇرتىنىڭ تۇخۇم ۋە لىچىنكىلىرىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

6. دورا چېچىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يەنى هەر 100 تۈپ كېۋەزدىكى تۇخۇم سانى 15 ـ 20 گە ياكى لىچىنكا بەش دانىگە يەتكەندە دورا چېچىش، كۈشەندىلەرگە زىيانلىق دورىلارنى مۇمكىنقەدەر ئىشلەتمەسلىك كېرەك. بۇ ئارقىلىقمۇ هاشارات زىيىنىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. (03)

# شوخلىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

مايىنۇر زايىت
(توقسۇن ناھىيە ئىلانلىق بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838103)

**1. ئاساسلىق كېسەللىكلەر:** (1) شوخلىنىڭ يوپۇرماق پۈرلىشىش كېسەللىكى يۈز بەرسە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مىكروبقا قارشى دورا «B0-10» نى 150 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چاچسا بولىدۇ؛ (2) ۋىرۇس كېسەللىكى كۆرۈلگەن بولسا «ۋىرۇسقا قارشى ـ 1» (抗病毒剂-1 号) نى 200 ـ 250 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، مايسا مەزگىلىدىن باشلاپ ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن، 4 ـ 6 قېتىم چاچسا بولىدۇ. (3) بۇزغۇچى زەمبۇ-رۇغ كېسەللىكى، كۈل رەڭ پاختىلىشىش كېسەللىكى كۆرۈلسە، 50% لىك روۋرال (扑海因) نى 1000 ھەسسە ياكى 50% لىك سۇملېكس (速克灵) نى 1000 ھەسسە سۇيۇقلاندۇرۇپ تەكشى چاچسا بولىدۇ. يوپۇرماق پۈرلىشىش كېسەللىكى كۆرۈلسە 70% لىك زىنىپ (代森锌) نى 500 ھەسسە ياكى 50% لىك تىرام (福美双) نى 500 ھەسسە ياكى 58% لىك مانكوزېپ (甲霜灵锰锌) نى 500 ھەسسە سۇيۇقلاندۇرۇپ چاچسا بولىدۇ.

**2. ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلار:** ئاساسلىق زىيانداش ھاشارات كېۋەز غوزا قۇرتى بولۇپ، ئۇنىڭ پارازىت خوجىسى 250 خىلغا يېتىدۇ. كېۋەز غوزا قۇرتى ئاساسلىقى شوخلا، كېۋەز، تاماكا قاتارلىق زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ. كېۋەز غوزا قۇرتى بىر يىلدا ئىككى قېتىم ئەۋلاد قالدۇ-رىدۇ، 2 ـ ئەۋلادنىڭ شوخلىغا بولغان زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. زىيىنى ئېغىر بولغان ئېتىزلارغا ھاشارات چۈشۈش نىسبىتى 30% ـ 50% كە يېتىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) دېھقانچىلىق تېخنىكا تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شوخلا شاخلىرىنى ۋاقتىدا پۇتاش، يۇمران يوپۇرماق، يۇمران شاختىكى تۇخۇم ۋە لىچىنكىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تازىلاپ، سىرتقا چىقىرىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھاشارات چۈشكەن

# كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

نۇربىيە ياقۇپ سىدىق ئەمەت
(لوپنور ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 841500)
تۇنىسا ياقۇپ
(لوپنور ناھىيە شىڭپىڭ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841500)

1. پەيدا بولۇش ۋە زىيان سېلىش ئادىتى: كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكى يو-پۇرماق كانىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېۋەز تېرىلىدىغان جايلىرىدا ئومۇميۈزلۈك پەيدا بولىدۇ. رايونىمىزدا يىلدا 10 ـ 15 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، يېتىلگەن چىشى ھاشارىتى ئوت ـ چۆپ يىلتىزى بار ئۇستۇنكى قاتلام تۇپراقتا ۋە تۇپراق يېرىقچىلىرىدا، ئېتىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى، ئېتىز بېشىدىكى قۇرۇق شاخ ـ يوپۇرماقلاردا ياكى دەرەخ قوۋزىقىنىڭ ئىچىدە توپلىشىپ قىشتىن ئۆتىدۇ. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 8℃ بولغاندا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ، 12℃ قا يەتكەندە چېتىشىپ تۇخۇم سالىدۇ. كېۋەز مايسىسى ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن كېۋەزلىككە يۆتكىلىپ زىيان سالىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تېز كۆپىيىپ، زىيان سېلىشى ئەۋجىگە چىقىدۇ، 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىككىنچى ئەۋلادىنىڭ زىيان سېلىشى ئەۋجگە چىقىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە كېۋەز چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلىدە ئېتىز نەملىكى بەك تۆۋەن، سۇنىڭ پارلىنىش مىقدارى

شوخلىنى ئۈزۈپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك؛ (2) بىيولوگىيەلىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈچۈن، ئىككىنچى ئەۋلاد غوزا قۇرتىنىڭ لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىقىش مەزگىلىدە يىشالىڭ (一杀灵) نى 500 ھەسسە ياكى شۇگوجىڭ (蔬果净) نى 700 ھەسسە سۇيۇقلاندۇرۇپ ھەرمو يەرگە 200 گىرامدىن چاچسا ياكى شىنمىيەنئەن (新棉安) نى ھەرمو يەرگە 40 گىرامغا 50 گىرامغىچە سۇ قوشۇپ، ھەر ھەپتە ئارىلاپ بىر قېتىم چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (3) كېۋەز غوزا قۇرتىنىڭ لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىقىشى يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە، 50% لىك فوكسىم (辛硫磷) سۇتسىمان دورىسىنى 1000 ھەسسە ياكى 10% لىك سۇيۇلدۇرۇپ ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا ئىككى قېتىم چاچسا ئۈنۈمى بولىدۇ. (03)

بەك كۆپ بولسا، ئۇچىنچى ئەۋلادىنىڭ زىيان سېلىشى ئەۋجىگە چىقىدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتى ۋە لىچىنكىسى يوپۇرماق ئارقىسىغا توپلىشىپ شىرىنە سۈيۇقلۇقىنى سۈمۈرۈپ، يوپۇرماقتا كىچىك قىزىل چېكىتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا غول، گۈل، غوزىلارنىڭ يۇمران قىسىملىرىغا زىيان سالىدۇ. ئېغىر بولغاندا يوپۇرماق يېشىللىقىنى يوقىتىپ، قىزىرىش، قۇرۇش، غۇنچە، چېچەك، يۇمران غوزىسى تۆكۈلۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ھاۋا قۇرغاق، ھۆل - يېغىن ئاز، تېمپېراتۇرا 24℃ - 28℃، نىسپى نەملىكى 70% تىن يۇقىرى بولغاندا ئەڭ تېز كۆپىيىدۇ. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن كېيىن ھاۋانىڭ نىسپىي نەملىكى يۇقىرىلىغاندا قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ زىچلىقى تۆۋەنلەيدۇ. 10 - ئايدىن كېيىن تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىگەندە قىشتىن ئۆتۈش ئورنىغا يۆتكىلىپ قىشتىن ئۆتىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) كېۋەزنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئېتىز- ئېرىقتىكى قۇرۇق شاخ - يوپۇرماق، ئوت - چۆپلەرنى تازىلاش، كۈزدە يەرنى ئاغدۇرۇپ توك ياتقۇزۇش، ئېتىز قىرلىرىنى تەكشىلەش ئارقىلىق، ھاشاراتلارنىڭ قىشتىن ئۆتۈش مەنبەسىنى يوقىتىش لازىم. تەكرار تېرىشتىن ساقلىنىش، قوشنا ئېتىزغا زىرائەتلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، سېرىق پۇرچاق، يىسسى پۇرچاق، پىدىگەن قاتارلىقلاردا قىزىل ئۆمۈچۈك كۆپ پەيدا بولىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل ئېكىنزىغا كېۋەز تېرىماسلىق ھەم مۇشۇ تۈردىكى زىرائەتلەر بىلەن قوشنا ياكى ئارىلاش تېرىماسلىق كېرەك. كېۋەزنى ئەڭ ياخشىسى باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەر بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ياكى بۇغداي، شال، قىزىلچا قاتارلىق زىرائەتلەر بىلەن قوشنا تېرىش كېرەك؛ (2) قىزىل ئۆمۈچۈك زىيىنىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سورتلارنى تېرىپ، پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، تىمەن ئۆستۈرۈپ، زىيان سېلىشىنى كونترول قىلىش كېرەك؛ (3) قىزىل ئۆمۈچۈك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 20% لىك دىكوفول (三氯杀螨醇) نى 1500 ھەسسە ياكى 20% لىك سەنلۇ شامەنفېڭ (三氯杀螨砜) نى 800 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ يوپۇرماققا پۈركۈش كېرەك. قىزىل ئۆمۈچۈكتە دورىغا ماسلىشىشچانلىق پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن 73% لىك ئۇممىت

# يېيىسى بورچاقتىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

روشەنگۈل خوجابدۇل
(پىچان ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 838200)

**1. سولىشىپ قۇرۇش كېسىلى:** كېسەللىككە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ، ئۇرۇقنى باۋىستىن (多菌灵) بىلەن دورىلاپ تېرىش كېرەك. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە 50% لىك باۋىستىننىڭ 400 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 70% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布净) نىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا ھەربىر تۈپكە 500 مىللىلىتىردىن قويۇش كېرەك.

**2. كۆل رەڭ پاختىلىشىش كېسىلى:** كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە روۋرال (扑海因) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 50% لىك سۇمىلىكس (速克灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 40% لىك شىجيالى (施佳丽) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش كېرەك.

---

(克螨特) نى 3000 ھەسسە ياكى 20% لىك سۇمەنتۇنىڭ (速螨酮) نى 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ تەكشى پۈركۈش كېرەك. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئايغىچە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، زۆرۈر بولغاندا 73% لىك ئۇمىت سۇتىسمان سۇيۇقلۇقىنى 1000 ـ 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا 20% لىك ئامىتراز (双甲脒) سۇتسىمان سۇيۇقلۇقىنى 1000 ـ 2000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈسە ئىككى ئايغىچە ئۈنۈم بېرىدۇ. 20% لىك دىكوفولنى 800ـ1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈسە تېز ئۈنۈم بېرىدۇ. دىكوفول بىلەن نىسورون (尼索良) نى ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈسە قىزىل ئۆمۈچۈكنى يوقىتىش ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. تاماكا، ھاك، سۇنى 60:1:1 نىسبەت بويىچە تەگشەپ چاچسا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. (03)

**3. دات كېسىلى:** كېسەللىككە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ، مۇۋاپىق ز ىچلىقتا ئۆستۈرۈش ۋە كېسەللەنگەن يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا ئۈزۈۋېتىش كېرەك. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 25% لىك تىرد-ئادىمىفون (粉锈宁) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 2000ـ3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 50% لىك كاربوكسىن (萎秀灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ـ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، دىزوتوك (敌唑铜) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 4000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر 7ـ10 كۈندە بىر قېتىم ئۇدا 2ـ3 قېتىم پۈركۈش كېرەك.

**4. ئاق توزان پىت:** سېرىق تاختايغا جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك. دېھقانچىلىق دورىسى چېچىشقا توغرا كەلسە، بۇفرىفېزىن (扑虱灵) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 2.5% لىك ئوران (天王星) سۇتسىمان مېيىنىڭ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 70% لىك ئەيمېيلى (艾美乐) نىڭ 5000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 25% لىك ئاكېتەي (阿克泰) نىڭ 4000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چاچسا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

**5. يوپۇرماق قات چىۋىنى:** سېرىق تاختاي ئېسىپ جەلپ قىلىپ يو-قىتىش كېرەك. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 90% لىك ئەيفۇدىڭ (爱福丁) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ھەسسىلىك سۇ-يۇقلۇقى، 50% لىك مىتاك (虫螨克) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 40% لىك پىرىدابىن (哒螨灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 5% لىك رېگىنت (锐劲特) نىڭ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ چېچىش كېرەك.

**6. قىزىل ئۆمۈچۈك:** 1.8% لىك ئەيفۇدىڭ سۇتسىمان مېيىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 20% لىك مىسورۇن (灭扫利) سۇتسىمان مې-يىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 20% لىك مىتاك سۇتسىمان مېيى-نىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ چېچىش كېرەك.

**7. پۈرچاق پىتى:** ئېتىزلىقتا سېرىق تاختاي ئېسىپ جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك. دورا چېچىشقا توغرا كەلسە 70% لىك ئەيمېيلى ياكى 10% لىك ئىمىداكلورد (吡虫啉) نىڭ 300 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 25% لىك كارات (功夫) سۇتسىمان مېيىنىڭ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇ-قىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ چاچسا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. (03)

# زىرائەتلەرنى سۇغىرىش تۈزۈمىنى بەلگىلەشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

رەيھانگۈل ئابدۇمۆمىن
(تارىم دەريا ۋادىسى خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 848000)

زىرائەتلەرنى سۇغىرىش تۈزۈمىنى تۈزۈش ـ سۇغىرىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەريانىدىكى چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، تەسىر قىلىدىغان ئامىللار كۆپ، يولغا قويۇپ كونكرېتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە قىيىنچىلىقلار كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەمەلىي خىزمەتلەرنىڭ بىرى. ئىلمىي سۇغىرىش تۈزۈمى تۈزۈشنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە ئەمەلىي سۇغىرىش مەشغۇلاتى جەريانىدا، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنسا، سۇرايى، تۇپراق، ھاۋارايى، يېزا ـ ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرى ۋە سۇغىرىش جەريانىدىكى نۇرغۇن تېخنىكىلىق ئامىللار زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەقىقىي ئۈنۈمى كۆرۈلىدىغان مۇكەممەل تۈزۈم بولۇپ چىقىدۇ.

1. تەبىئىي شارائىتقا دائىر ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق ئىگەللەشكە دىققەت قىلىش. تەبىئىي شارائىت ئادەتتە جۇغراپىيىلىك ئورنى، يەر شەكلى، ھۆل ـ يېغىن ئەھۋالى، پارغا ئايلىنىش مىقدارى، تېمپېراتۇرا، نەملىك دەرىجىسى، شامال ئەھۋالى، يەر تېمپېراتۇرىسى، قىروسىز مەزگىل، يورۇقلۇق چۈشۈش، سۇ مەنبەسى، سۇ مىقدارى، سۇ سۈپىتى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

2. ئىجتىمائىي شارائىتقا ئائىت ماتېرىياللارنى ئىگەللەشكە دىققەت قىلىش. ئىجتىمائىي شارائىت ئادەتتە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئەمگەك كۈچى ئەھۋالى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئەھۋالى، ئەنئەنىۋى سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

3. تۇپراق ئەھۋالىنى ئىگەللەشكە دىققەت قىلىش. تۇپراق ئەھۋالى ئادەتتە تۇپراقنىڭ تۈرى، سۈپىتى، سىغىم ئېغىرلىقى، كاۋاكلىق نىسبىتى، ئېتىزنىڭ سۇ ساقلاش مىقدارى، سىڭىش تېزلىكى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

4. تېرىلىدىغان زىرائەت ئەھۋالىنى ئىگەللەشكە دىققەت قىلىش. سۇغىرىش تۈزۈمىنى بەلگىلەشنىڭ ئاچقۇچى ـــ زىرائەتلەرنىڭ ھەر قېتىملىق

مۇۋاپىق سۇغىرىش ۋاقتى ۋە سۇغىرىش نورمىسىنى بەلگىلەش بولغاچقا، زىرائەتلەرنىڭ تۈرى، سورتى، مەھسۇلات سەۋىيىسى، ھەر قايسى ئۆسۈش باسقۇچلىرىدىكى ئۆسۈش ئەھۋالى، دېھقانچىلىق تېخنىك تەدبىرلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگەللەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

5. ھەر قېتىملىق سۇغىرىشنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتىكى ئەھۋاللارغا دىققەت قىلىش. سۇغىرىش نورمىسى بەك ئاز بولسا زىرائەتلەرنىڭ بەلگىلىك مەزگىلدىكى سۇغا بولغان تەلىپىنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ. سۇغىرىش نورمىسى بەك كۆپ بولسا، تۇپراقتىكى ھاۋا مىقدارىنى ئازايتىۋېتىدۇ ـ دە، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز بولىدۇ، ھەتتا سۇ كۆپ مىقداردا تۆۋەنگە سىڭىپ كېتىپ، سۇ ئىسراپ بولىدۇ، تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ئېقىتىپ كېتىدۇ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنى ئۆرلىتىپ، تۇپراقنىڭ زەيلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

6. زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدىكى سۇغىرىش نورمىسىنى زىرائەتلەرنىڭ ھەر قايسى ئۆسۈش باسقۇچىدىكى يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئەھۋالى، تۇپراقنىڭ خاراكتېرى، سۇغىرىش ئۇسۇلى ۋە ھاۋارايى ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئەھۋاللار بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم.

7. تۇپراقنىڭ پىلاندىكى نەمدىلىش قەۋىتىنىڭ چوڭقۇرلىقىنى، نەچچە يىللىق سۇغىرىش ماتېرىياللىرىدىن تەجرىبە قىلىشتىن كېلىپ چىققان نەتىجىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بېكىتىشكە دىققەت قىلىش لازىم.

8. ئىككى قېتىملىق سۇغىرىش ئارىلىقىنى ھېسابلاش ۋە ئېھتىياجلىق سۇ مىقدارىنى بېكىتىشتە، تۇپراقتا ساقلانغان سۇنىڭ مىقدارى، تۇپراقنىڭ ئەڭ تۆۋەن سۇ ساقلاش مىقدارى ۋە زىرائەتلەر كۈندىلىك تەلەپ قىلىدىغان سۇ مىقدارى قاتارلىق پارامېتىرلارنى ھېسابلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. (05)

# قورغاقچىلىقنىڭ زىرائەتكە بولغان زىيىنى ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى

گۈلنىسا ئابدۇراخمان
(تارىم دەريا ۋادىسى خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 848000)

خوتەن تىپىك ھالەتتىكى سۇغۇرۇلىدىغان يېزا ئىگىلىك رايونى بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا پەسىل خاراكتېرلىك سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسى نىسبەتەن ئېغىر، ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە زىرائەتلەردىكى سۇغىرىش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، سۇغا بولغان ئېھتىياج ئۆزۈكسىز كۈچىيىدۇ. قورغاقچىلىق ئەھۋالى ئاساسلىقى 3 ـ، 6 ـ، 9 ـ، 10 ـ ئايلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، قورغاقچىلىق ئاپىتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ.

**1. قورغاقچىلىقنىڭ زىرائەتكە بولغان زىيىنى:** قورغاقچىلىق ــ سۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق يېتىشمىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. (1) تۇپراق قورغاقچىلىق: تۇپراق تەركىبىدىكى سۇ ئاز بولۇپ زىرائەتنىڭ سۈمۈرۈشى قىيىنلىشىپ، ياخشى ئۆسەلمەي، يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ، سولىشىپ، ھەتتا قۇرۇپ نابۇت بولىدۇ؛ (2) ھاۋا قورغاقچىلىقى: ھاۋا ــ قۇرۇق ئىسسىق شامال، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، تۆۋەن نەملىك ھاۋا شارائىتى بولۇپ، سۇنىڭ پارلىنىشىنى كۈچەيتىدۇ ـ دە، پارلانغان سۇيى قوبۇل قىلغىنىدىن ئېشىپ كېتىپ، زىرائەتلەر ياخشى ئۆسەلمەيدۇ؛ (3) فىزىيولوگىيەلىك قورغاقچىلىق: زىرائەت فىزىولوگىيىلىك سەۋەبلەر بىلەن تۇپراق تەركىبىدىكى سۇدىن پايدىلىنالمىغانلىقى تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان قورغاقچىلىق، مەسىلەن: شورلۇق يەرلەردە ياكى ئېرۇرچان ئۇغۇت ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ يەرلەردە تۇپراقتا ئېرىتمىنىڭ سىڭىش بېسىمى يىلتىز ھۈجەيلىرىنىڭ سۈمۈرۈش كۈچىدىن ئېشىپ كېتىپ، يىلتىز سىستېمىسى سۇنى سۈمۈرەلمەيلا قالماي، بەلكى زىرائەت تېنىدىكى سۇ سىرتقا چىقىپ كېتىپ، فىزىيولوگىيەلىك قورغاقچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

قورغاقچىلىق زىرائەت تېنىدىكى فېرمېنت ھەرىكىتىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى بۇزۇپ، بىرىكىش جەريانلىرىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. گىدرولىزلىنىشىنى كۈچەيتىدۇ، نەپەس ئېلىشىنى كۈچەيتىدۇ ـ دە، ئورگانىك ماددىلار كۆپلەپ خورايدۇ. قورغاقچىلىق يەنە يوپۇرماقلارنىڭ ھاۋا تۆشۈكلىرىنى ئېتىپ، پارغا ئايلىنىش ئاجىزلايدۇ ـ دە، زىرائەت سۇسىزلىنىپ،

پىروتوپلازما بىلەن كىلىتلار چالىشىپ، كىلىتكىلار پىروتوپلازمىدا سۇ بولمىغاچقا تۇگۇلۇپ، كىلىتكا تاملىرى قورۇلۇپ، مىخانىكىلىق بۇزۇلۇشقا ئۇچرايدۇ.

**2. قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى:** (1) قۇرۇلۇش تەدبىرلىرى: سۇ قۇرۇلۇش سىستېمىسى بولسا قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتنى ئازايتىشتىكى مۇھىم بولغان ماددى ئاساستۇر. سۇنى ئىلمىي ھالدا تەڭشەش، سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بولسا قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر؛ (2) سۇ تېجەش تەدبىرى: سۇ تېجەش مۇمكىنچىلىكى بولغان تۈرلۈك ئۇنىۋېرسال تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سۇ ئېلىش ۋە يوللاش قۇرۇلمىلىرى، ئېتىز ـ ئېرىق سۇغىرىشى، تۇپراق ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۇ ساقلىشى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، سۇ مەنبەلىرىنىڭ زىيىنى ۋە ئىسراپچىلىقىنى ئازايتىپ، سۇنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شۇنداقلا ھازىر بار بولغان سۇ مەنبەسىدىن يۇقىرى ئۈنۈمدە پايدىلىنىشتىن ئىبارەت؛ (3) باشقۇرۇش تەدبىرى: قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتنى ئازايتىش، زۆرۈر بولغان قۇرۇلۇش تەدبىرىدىن پايدىلىنىپ سۇ مىقدارىنى كۆپەيتىش، سۇ تېجەش، سۇ ساقلاش مەقسىتىگە يېتىشتىن باشقا يەنە، زۆرۈر بولغان ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ئارقىلىق، ھەقىقىي تۈردە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ ھوسۇلنى ئاشۇرۇش، سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاسراشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇپ، قۇرغاقچىلىقنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە تۆۋەنلىتىپ، ئاپەت زىيىنىنى كېمەيتىشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ ئاپەت زىيىنىنى كېمەيتىشنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ــ قۇرغاقچىلىق زىيىنىنى ئازايتىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ ئاپەت زىيىنىنى كېمەيتىش خىزمىتى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش، ئاپەتتىن كېيىنكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىگە بولغان بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەمۇرى رەھبەرلەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇكەممەل بولغان ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش تەشكىلى ئاپپاراتىنى قۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش كېرەك. (05)

# ۋىتامىن كەملىكىنىڭ چۆجە چىقىرىش ئۈنۈمىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى

تۇمۇر ئىمىن
(قۇمۇل كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىدىن 839000)

چۆجە چىقىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى بېقىش ـ باشقۇرۇش، ئۇرۇقلۇق تۇخۇمنى تاللاش، باشقۇرۇش، دېزىنفېكسىيەلەش قاتارلىق تېخنىكىلىق ھالقىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر توخۇنىڭ كۈندىلىك يېمىدە ۋىتامىن تۈرىدىكىلەر كەمچىل بولسا تۆرەلمىنىڭ يېتىلىشى ئاستا، سۆڭەكلىرىنىڭ يېتىلىشى بىنورمال بولىدۇ، تېرە ۋە ئىچكى ئەزالىرىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر قىلىدۇ، تۇخۇمدىن چىقىش ۋاقتى كېچىكىدۇ، تۇخۇمدىن چىققان چۆجىلىرى ئاسان ئەي بولمايدۇ، ھەتتا تۇخۇمدىن چىقىپلا ئۆلۈپ قالىدۇ.

**1. ۋىتامىن كەملىكىنىڭ تەسىرى:** (1) ۋىتامىن A كەملىك. توخۇ يېمىدە ۋىتامىن A كەمچىل بولسا تۇخۇمنى باستۇرۇپ 2 ـ، 3 ـ كۈنلىرى تۆرەلمىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ . قان تومۇر شەكىللەنمەيلا ئۆلۈپ قالىدۇ. تۆرەلمە يېتىلگەن تەقدىردىمۇ سۆڭىكىنىڭ يېتىلىشى بىنورمال بولىدۇ، كۆرۈش سەزگۈسى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، ئۆپكىسىنىڭ يېتىلىشى تولۇق بولمايدۇ، بۆرىكى يوغىناپ سۇلۇق ئىششىيدۇ، كۆكرەك پەردىسى ياللۇغلىنىدۇ، بۆرەك كىچىك نەيچىسى نىكروزلىنىدۇ، ھەتتا مومىيالىشىپ ئۆلۈپ قالىدۇ. نېئومىتسىن (新霉素) ۋىتامىن A نىڭ بەدەنگە سۈمۈرۈلۈشىگە تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا ۋىتامىن A تولۇقلىغاندا نېئومىتسىن بەرمەسلىك كېرەك؛ (2) ۋىتامىن D كەملىك. ۋىتامىن D يېتىشمىسە تۆرەلمە غەيرىي يېتىلىدۇ. سۆڭىكى نورمال يېتىلەلمەيدۇ، پۇتى قىسقا بولۇپ قالىدۇ. تۇخۇم باستۇرۇپ 18ـ، 19ـ كۈنلىرى ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. توخۇ يېمىدە ۋىتامىن D كەمچىل بولسا تۆرەلمە تېنىدە سۇلۇق ئىششىق بولىدۇ، تۆرەلمىنىڭ يېتىلىشى تەسىرگە ئۇچراپ، ئىككى پۇتى قىسـ

قا، بىنورمال بولۇپ قالىدۇ؛ (3) ۋىتامىن E كەملىك. ۋىتامىن E كەمچىل بولسا تۆرەلمىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. تۆرەلمە يېتىلىش مەزگىلىدە قان ئايلىنىش توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، قان تومۇر، توقۇلمىلاردا قان تولۇش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇخۇم باستۇرۇپ 7 ـ، 8 ـ كۈنلىرى ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. تۆرەلمىنىڭ كۆزى غەيرىي بولۇپ قالىدۇ. تۇخۇم تۇغۇش مەزگىلىدە مىكوتوكسىن(霉菌毒素) بەرمەسلىك كېرەك؛ (4) ۋىتامىن $B_2$ كەملىك. ۋىتامىن $B_2$ نىڭ يېتىشمەسلىكى قان ئازلىق، بۆرەك شەكلى ئۆزگىرىش، پۇتى قىسقا بولۇش، پۇت بوغۇملىرىنىڭ غەيرىي بولۇشى، بوينى ئەگرى بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا تۇخۇم باستۇرۇپ 14 ـ، 20 ـ كۈنلىرى ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولغان. تۇخۇمدىن چىققان تەقدىردىمۇ ئاسان ئەي بولمايدۇ؛ (5) پانتوتېنىك كىسلاتاسى (泛酸) نىڭ كەمچىل بولۇشى. پانتوتېنىك كىسلاتاسى كەمچىل بولسا تۇخۇم باستۇرۇپ بىر ھەپتە بولغاندا ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. تۆرەلمە قانىتىنىڭ ئۆسۈشى ئاستا بولىدۇ، مېڭىسىگە سۇ يىغىلىدۇ، يېتىلىۋاتقان تۆرەلمىنىڭ تېنىدە قاناش، تېرە ئاستىغا سۇ يىغىلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ؛ (6) فولىك كىسلاتاسى (叶酸) كەمچىل بولۇش. فولىك كىسلاتاسى كەمچىل بولسا تۇخۇمدىن چىقىشقا 1 ـ 2 كۈن قالغاندا ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. تۆرەلمىنىڭ بوينى ئەگرى ، تۇمشۇقى غەيرىي يېتىلىدۇ، پەي، قاناتلىرى تولۇق يېتىلمەيدۇ؛ (7) بىيوتىن(生物素) كەمچىل بولۇش. بىيوتىن كەمچىل بولسا توخۇنىڭ تۇخۇم تۇغۇشىغا ئانچە تەسىر قىلمىسىمۇ، لېكىن تۆرەلمىنىڭ نورمال يېتىلىشى ۋە چۈجە چىقىشقا تەسىر قىلىدۇ. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا تۇخۇمنى باستۇرۇپ 19 ـ، 20 ـ كۈنلىرى ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. سۆڭەكلىرى نورمال يېتىلمەيدۇ، ئەگرى بولۇپ قالىدۇ؛ (8) ۋىتامىن $B_{12}$ كەمچىل بولۇش. تەكشۈرۈشلەرگە ئا-

ساسلانغاندا ۋىتامىن $B_{12}$ كەمچىل بولسا تۇخۇمنى باستۇرۇپ بىر ھەپتە بولغاندا ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. چۈجە تۇخۇمدىن چىققان تەقدىردىمۇ يېتىلىشى ئاستا بولىدۇ، مۇسكۇللىرى تولۇق يېتىلمەيدۇ. ئومۇمىي بەدەنگە ئېغىر دەرىجىدە سۇ يىغىلىدۇ، بۆرەك ئاقىرىپ كېڭىيىدۇ، قالقان بەز يوغىنايدۇ .

2. ئۇرۇقلۇق تۇخۇمنى باشقۇرۇشنىڭ چۈجە چىقىرىشقا بولغان تەسىرى: ئۇرۇقلۇق تۇخۇم چۈجە چىقىرىشقا تەسىر قىلىدىغان، شۇنداقلا چۈجىنىڭ ساغلام ئەي بولىشى ۋە كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا تەسىر قىلىدىغان مۇھىم ئامىل. تۇخۇمنى باستۇرۇشتىن ئىلگىرى باستۇرىدىغان تۇخۇمنى ياخشى تاللاش كېرەك. ئۇرۇقلۇق تۇخۇم يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، تېنى ساغلام، ياخشى بېقىلغان، خوراز بىلەن مېكىيانىنىڭ نىسبىتى مۇۋاپىق تەڭشەلگەن توپتىكى مېكىيانىنىڭ تۇخۇمى بولىشى، پاكىز، بۇلغانمىغان بولۇشى، چوڭ ـ كىچىكلىكى مۇۋاپىق، بەك چوڭ ۋە بەك كىچىك بولماسلىقى كېرەك. ئۇرۇقلۇق تۇخۇم بەك كىچىك بولسا تۆرەلمە سۈپىتىگە تەسىر قىلىدۇ. چۈجىنىڭ جۇغى، يېتىلىشى ئاستا بولىدۇ. شۇڭا تۇخۇم باستۇرۇشتىن ئىلگىرى شەكلى بىنورمال، بەك ئۇزۇنچاق، بەك يۇمىلاق، شاكىلى نېپىز، شاكىلىغا دەز كەتكەن، باكتېرىيە بىلەن يۇقۇملانغان تۇخۇملارنى شاللىۋېتىش كېرەك. ئۇرۇقلۇق تۇخۇمنى ساقلاش ۋاقتى 7 ـ 10 كۈندىن ئاشماسلىقى، ساقلاش تېمپېراتۇرىسى 12℃ ـ 18℃، ساقلىنىدىغان ئورۇننىڭ نىسپىي نەملىكى 70% ـ 75% بولىشى كېرەك . ئۇرۇقلۇق تۇخۇمنىڭ ئېغىرلىقى 40 ـ 50 گىرام بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئۇرۇقلۇق تۇخۇمنى باستۇرۇشتىن ئىلگىرى فورمالىن، مارگانسوپ قاتارلىق دېزىنفېكسىيە دورىلىرى بىلەن دېزىنفېكسىيەلەپ باستۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (02)

# كالىلاردىكى قات قېرىنى تىقىلىپ قېلىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

ئالىيە هاسان
(توقسۇن ناهىيە ئىلانلىق بازارلىق چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق مۇلازىمەت مەركىزىدىن 838103)

**كېسەللىك سەۋەبچىسى:** چىگىت كۇنجۇرىسى چارۋا - ماللارنىڭ ئاقسىل ماددىسىنى تولۇقلايدىغان ياخشى ئوزۇق. لېكىن بۇ خىل ئوزۇق ھەزىم بولغاندىن كېيىن ئاشقازان شىللىق پەردىسىنى غىدىقلاپ، ئاشقازان ئۈچەينىڭ ياللۇغلىنىشىنى ۋە ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە زەھەرلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەم - خەشەك پاكىز بولماسلىق، سىم پارچىلىرى، شېغىل ئارىلىشىپ قېلىش سەۋەبىدىنمۇ ھەقىقىي قېرىن (توققۇز تولۇق) تىقىلىپ قېلىش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

**كېسەللىك ئالامىتى:** كېسەللەنگەن كالا ئىشتىھاسىزلىنىش، سۈيدۈكى راۋان بولماسلىق، كېسەللىنىپ بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كۆشەشتىن توختاش، تېزەكلىمەسلىك، تۆش تەرەپ ئىششىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:** (1) ئالدى بىلەن ئاشقازانغا ماگنىت سېلىپ ئۇششاق سىم پارچىسىنى ئېلىۋېتىش كېرەك. ئاندىن كېيىن سۈيدۈكىنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈيۇقلۇق تولۇقلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، زەھەرلىك ماددىلارنى چىقىرىۋېتىش، سۈرگە دورىسى ئىچكۈزۈش قاتارلىق بىرقاتار داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. ئالدى بىلەن سۈنياۋ (速尿) دىن 20 مىللىلىتىرنى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىش لازىم. (2) قېرىندىكى تىقىلىپ قالغان ئوزۇقلۇقلارنى ماگدۇرۇش ئۈچۈن پارافىن (石蜡油) دىن 1500 مىللىلىتىر ئىچكۈزۈلىدۇ. (3) ئاشقازاننى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، كۆششىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن جىيەنۋېيسەن (健胃散) دىن 500 گىرام، ناترىي بىكاربونات تابلېتى (碳酸氢钠片) دىن 300 تال ئىچكۈزۈلىدۇ. (4) كۆشەشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 5% لىك گىلۇكوزىغا ۋىتامىن $B_6$ دىن 40 مىللىلىتىرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ۋېنادىن ئوكۇل قى-

## تىراكتورنى چۇۋۇپ قوراشتۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

تۇرغۇن ئەمەت
(باي ناھىيە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىدىن 842300)

تىراكتور ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ئاسراش ۋە تەكشۈرۈش جەريانىدا چۇۋۇپ قوراشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان مەشغۇلات بولۇپ، بەلگىلىك قانۇنىيەتكە ئىگە. ئەگەر قالايمىقان چۇۋۇپ، مەجبۇرىي قوراشتۇرغاندا ماشىنا ـ سايمانلار ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا چۇۋۇپ قوراشتۇرغاندا قائىدە بويىچە ئۆلچەملىك مەشغۇلات قىلىش زۆرۈر.

**1. چۇۋۇش قائىدىسى:** (1) ئادەتتە دېتاللارنى چۇۋۇغاندا تېخنىك تەلەپ بويىچە سىرتىدىن ئىچىگە، ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ چۇۋۇش كېرەك؛ (2) چۇۋۇش جەريانىدا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سايمان ـ ئەسۋابلارنى ئىشلىتىش، ئۇدۇل كەلگەن سايمانلارنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۇرۇشقا، قايرىشقا بولمايدۇ؛ (3) چۇۋۇشتىن ئىلگىرى دېتاللارنىڭ بوشاش يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلەش، نازۇك، قوشۇمچە دېتاللارنى ئېھتىيات بىلەن چۇۋۇش لازىم؛ (4) دېتاللارنى چۇۋۇغاندا قوراشتۇرۇشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن ھەربىر بۆلەكنىڭ دېتاللىرىنى بىر يەرگە ئايرىم قويۇش، ئارىلاشتۇرۋەتمەسلىك كېرەك؛ (5) چۇۋۇپ چىقارغان دېتاللارنى پاكىزە يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن، بۇزۇلۇش دەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ بو-

---

لىش لازىم. 5% لىك گىلۇكوزىغا ۋىتامىن C دىن 40 مىللىلىتىرنى ۋېنادىن ئوكۇل قىلىش كېرەك. (5) سۇيۇقلۇق تولۇقلاش ئۈچۈن 10% لىك گىلۇكوزىدىن 500 – 1000 مىللىلىتىر ۋېنادىن ئوكۇل قىلىنىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش:** يەم خەشەك سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر كۈنى چارۋىلارنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، كېسەللىك ئالامىتى بايقالسا، ۋاقتىدا داۋالاش كېرەك. (03)

لۇپ جازا ئۈستىگە يەر بىلەن تېگىشمەيدىغان قىلىپ تىزىپ قويۇش كې-رەك؛ (6) يۇرۇشلەشكەن، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا بولمايدىغان دېتاللارنى چۇۋۇشتىن ئىلگىرى بەلگە سېلىش، ئارىلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئارغامچا بىلەن بىرگە چېتىپ باغلاپ قويۇش كېرەك؛ (7) رې-مونت قىلىش ھاجەتسىز، داۋاملىق ئىشلىتىشكە بولىدىغان دېتاللارنى ئىمكان بار چۇۋۇماسلىق كېرەك.

**2. قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:** (1) قۇراشتۇرغاندا تەرتىپ بويىچە قوراشتۇرۇش، ھەربىر بۆلەكتىكى ئۇششاق دېتاللارنى قۇراشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاساسي گەۋدىگە قۇراشتۇرۇش لازىم. ئادەتتە ئىچىدىن سىرتىغا قاراپ قوراشتۇرۇلىدۇ. قۇراشتۇرۇش جەر-ياندا ئۇنتۇلۇپ قېلىشتىن، خاتا قۇراشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش كې-رەك؛ (2) ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، قۇراشتۇرۇش سۈپىتىگە كاپا-لەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىمكان بار مەخسۇس ئەسۋاب - ئۈسكۈنە ئىشلىتىش لازىم؛ (3) ئاساسلىق ئورۇنلاردىكى ۋېنتا گورۇپپىلىرىنى قۇراشتۇرغاندا شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىش، ماي، سۇ ئېقىش، گاز قېچىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ۋېنتىلارنى بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە تەكشى چىڭىتىش، كۈچىنىڭ تەكشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بەلگىلىك بۇراش مومېنتى بويىچە چىڭىتىلىدىغان ۋېنتىلار، مەسىلەن: سىلىندىر قاپقىقى، چاتما دەستە قاپقى-قى، ئۇچقۇرچاق قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋېنتا ۋە گايكىلىرىنى مومېنتلىق كۇلۇچ بىلەن چىڭىتىش كېرەك؛ (4) بەزى زىچ (چىڭ) ماسلاشتۇرۇلغان دېتاللار، مەسىلەن: پورشىن ۋە پورشىن چۆلىكى قاتارلىق زاپچاسلارنى قۇراشتۇرغاندا قالايمىقان ئۇرۇپ كىرگۈزۈپ بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈ-چۈن، ئالدىن قىزدۇرۇپ ئاندىن قۇراشتۇرۇش كېرەك؛ (5) ھەرىكەتلىك ماسلاشتۇرۇلغان زاپچاسلار (پورشۇن چۆلىكى، پورشۇن ھالقىسى، چاتما دەستە قاتارلىقلار) نى قۇراشتۇرغاندا قۇرۇق ئايلىنىپ، سۈركۈلۈپ ئۇپراش-

# كەنت كوللېكتىپ مالىيەسىنى باشقۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ئارۇپ مەرۇپ
(غۇلجا ناھىيە يېڭىتام يېزىلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدىن 835119)

1. كەنتلەردە مەبلەغ باشقۇرۇش بىلەن ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش كېرەك. يەنى كاسسىر بىلەن رەھبەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايرىپ، كاسسىرنى كەنتتىكى مالىيەنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن يېزىلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، كاسسىرنى كەنت باشقۇرۇشقا تەيىنلەشنى بىكار قىلىش، مۇمكىن بولسا يېزا ئىگىلىك خادىملىرى قوشۇمچە ئۆتەش كېرەك.

2. چوڭ چىقىملار يەنى يول قۇرۇلۇش، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، توسما ـ قاپقا قاتارلىق چىقىملارنى ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ كۆتۈرە بېرىش كېرەك. ئىشخانا خىراجىتىگە چەك قويۇپ خىراجەت قىلىش، باشقا تۈرلۈك ئۇششاق چىقىملارنى مۇمكىن قەدەر قىلماسلىق، يېزىدىن ئورۇنلاشتۇرغان

---

تىن ساقلىنىش ئۈچۈن، زاپچاس يۈزىگە پاكىز، ساپ سىلىقلاش مېيى سۈرۈش لازىم؛ (6) ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى بەلگىلەرگە، زاپچاس بەلگىسى ۋە قۇراشتۇرۇش بەلگىسىنى سىيلىشتۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، زاپچاسلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئورۇن ۋە ھەرىكەت مۇناسىۋىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. مەسىلەن: پەيتلىك چىشلىق چاق، ماي بىلەن تەمىنلەش ۋە گاز تەقسىملەش ۋاقتىنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ (7) ھەرىكەتچان قىسىملاردىكى بولتىلارنىڭ بوشاپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قۇلۇپلاش چۆلىكى ئۆتكۈزۈش لازىم؛ (8) پۈتكۈل زاپچاسلارنى قۇراشتۇرۇشتىن بۇرۇن پاكىز يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن قۇراشتۇرۇش لازىم. خاتا قۇراشتۇرۇپ قويۇش ۋە چالا قۇراشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قۇراشتۇرۇش سۈپىتىنى پات ـ پات تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. (02)

تۈرلۈك پائالىيەت، يىغىن، تەربىيەلەش، تېخنىكا تەربىيەلەش كۇرسى دېگەندەك چىقىملارنى يېزا بىر تۇتاش قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا سومما- سىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. ئۇندىن باشقا كاماندىروپكا، يېقىلغۇ ماي، قاتناش كىراسى قاتارلىق چىقىملارغا چەك قويۇش كېرەك.

3. كىرىم ـ چىقىمنى ئايدا بىر قېتىم تەپسىلىي ئاشكارىلاش، يەنى بۇ- نىڭدا كەنت مالىيىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان خادىملارغا، دەۋاگەر ئائىلىلەرگە- چە كەڭ خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. ھەربىر كىرىم ـ چىقىم- غا مۇناسىۋەتلىك ئىنچىكە ھالقىلارغىچە ئاشكارىلاش، بۇنى دېھقان تىلىدا كۆر- گەن ئادەم چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىدە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

4. چىقىم تۈرلىرىگە شۇ چىقىمنى قىلغۇچى ئىمزا قويۇپ ھېسابقا يوللاش لازىم. مۇنداق بولغاندا شۇ چىقىمدا نورمالسىزلىق كۆرۈلگەندە سۈ- رۈشتۈرۈش ئاسان بولىدۇ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرمەيدۇ.

5. كەنت مالىيەسىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئامما ۋەكىللىرى ۋە كەنت مالىيەسىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى- نىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كەنت مالىيەسىنى ئامما ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان، تەخىرسىز مەسىلىلەرگە ئاجرىتىپ، چەكلىك كەنت مالىيەسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش لازىم.

6. كەنت كاسىرلىرىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش كەسپىي سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. ھازىر كۆپلىگەن كەنت كاسىر- لىرى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ئارقىلىق ئىشقا چىققان دېھقان كادىرلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كەنت مالىيەسىنى نىشانلىق ھالدا پىلانلاپ ئىشلىتىش سەۋىيەسى تۆۋەن ھەم كۆز قارشى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا كەنت كاسىرلى- رىنى نىشانلىق تەربىيەلەشنى كۈچەيتىش ھەم ئامال بار شۇ كەسپنى ئۇ- قۇغان، بىلىدىغانلارنى كەنت كاسىرلىقىغا قويۇپ ئىشلىتىش لازىم. (05)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

**40 ـ ماددا** مەكتەپلەر، بالىلار باغچىلىرى، يەسلىلەر ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا تاساددىپىي ۋەقە يۈز بەرگەندە، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئاۋۋال قۇتقۇزۇش كېرەك.

**41 ـ ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئالداپ سېتىۋېتىش، تۇتۇپ كېتىش، خورلاش مەنئى قىلىنىدۇ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە جىنسىي زىيانكەشلىك قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى زورلاپ، ئازدۇرۇپ، تىلەمچىلىككە سېلىش، ئۇلارنى دەسمايە قىلىپ تىلەمچىلىك قىلىش ياكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيانلىق ئويۇنلارنى قويۇشقا تەشكىللەش مەنئى قىلىنىدۇ.

**42 ـ ماددا** جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، مەكتەپ ئەتراپىنىڭ ئامانلىقى ۋە قاتناش تەرتىپىنى قانۇن بويىچە ساقلاپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى توسۇشى كېرەك. ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشىغا، مەكتەپ، بالىلار باغچىسى، يەسلىنىڭ يېرى (مەيدانى)، ئۆي ـ ئىمارىتى ۋە ئەسلىھەلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىغا ۋە بۇزۇۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**43 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ خەلق ئىشلىرى تارمىقى ئېھتىياجىغا قاراپ پاناھلاندۇرۇش سورۇنى قۇرۇپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەردىن پاناھسىز قالغان سەرگەردان، تىلەمچىلەرنى پاناھلاندۇرۇشى، ۋاقىتلىق ۋەسىيلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقى ياكى ئالاقىدار باشقا تارماقلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ئىچىدىكى سەرگەردان، تىلەمچىلەر ياكى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلەرنى پاناھلاندۇرۇش سورۇنىغا ئاپىرىپ بېرىشى كېرەك. پاناھلاندۇرۇش سورۇنى ئۇلارنى پاناھلاندۇرۇشى ۋە ئۇلارغا ياخشى قارىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياكى باشقا ۋەسىيلىرىگە ئېلىپ كېتىشىنى ئۇقتۇرۇشى كېرەك. (05)

# ئورماننىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشنى تىزگىنلەشتىكى رولى

نۇرگۈل سەلەي
(ئاتۇش شەھىرى كاتتايلاق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 845350)

ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئۇ خەلقنىڭ ساغلاملىقى ۋە تۇرمۇش مۇھىتىغىلا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك زور ئىش ھېسابلىنىدۇ.

«ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش ئومۇمىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەشكە دائىر بىر قاتار سىياسەتلەرنى چىقاردى. تارماقلار ماسلىشىپ بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىپ، بۇلغىنىشنى بىرلىشىپ تۈزەش ۋە تىزگىنلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتتى. بۇ ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ ئاتموسفېرا سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان بولسىمۇ، بۇنى ئومۇمىيلىق دېگىلى بولمايدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئورمان - تەبىئەت دۇنياسىنىڭ شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ غايەت زور بېشىللىق غەزىنىسىدۇر. ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە ئورماندىن ئىبارەت بېشىللىق ئىچىدە تەرەققىي قىلغان. دېمەك، ئورمان ئىلگىرىمۇ، بۈگۈنمۇ يەنىلا بىز ئۈچۈن، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىمىز ئۈچۈن شەخسىيەتسىز ھالدا خىزمەت قىلماقتا. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا بولۇپمۇ ئېكولوگىيە ۋە ئاتموسفېرا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئورمان يەر شارىنىڭ ئۆپكىسى، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ تۈۋرۈكى، ھاياتلىقنىڭ پۈتمەس

- تۇگمەس بايلىقى. ئەپسۇسكى، كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىزدە بۇ خىل بايلىقىمىز ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ يېشىللىقتا، شەھەر ۋە مەھەللىمىزنىڭ ھۆسنىگە، جۇملىدىن بارلىق مۇھىتىمىزغا ئەڭ چوڭ دەرىجىدە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورمانلىرىمىز تېخىمۇ ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئېلىمىزدە ئورمان بايلىقىنىڭ سەرپ قىلىنىشى ئورماننىڭ يېتىلىشىدىن كۆپ بولغاچقا، ئورمان كۆلىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن نەچچە مىليون مو ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلىرىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بار بولغان يېشىللىق ۋە ئورمانلىرىمىزنى قوغداش ئېڭى، مەسئۇلىيىتى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ.

بىلىشىمىز كېرەككى، ئورمان نۇر بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ھاۋادىكى كاربون تۆت ئوكسىدى ۋە ئوكسىگېنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىغاندىن باشقا يەنە سۇ مەنبەسىنى ئاسراپ، سۇ - تۇپراق ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا بىر مو يەردىكى ئېھاتە ئورمانلىق 100 مودىن ئارتۇق ئېتىز - ئېرىقنى بوران قۇم ئاپىتىدىن ساقلىسا، بىر مو ئورمانلىق قاقاس يەرگە قارىغاندا 20 توننا سۇنى كۆپ ساقلايدۇ، بۇ بىر دانە يەر ئاستى كۆلىگە باراۋەر كېلىدۇ. بىر مو ئورمانلىق ھەر يىلى بىر كۇپ مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى يېتىشتۈرۈپ بەرگەندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن سانائەت خام ئەشياسى، يېقىلغۇ، يەم - خەشەك، ماي ماتېرىيالى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئورمان يەنە مۇھىتنى پاكىزلاش، ئىس - تۈتەكنى تازىلاش رولىنى ئوينايدۇ. دېمەك، ئورمان بولغاچقىلا مۇھىت گۈزەل، كائىنات كۆركەم، ھاياتلىق ساغلام. شۇڭا ئورماننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، ھاياتلىقنى ساغلاملاشتۇرۇشتىكى رولىنى چۈشىنىشكە يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. (02)

# پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ھارماس «ئوغلان»

ھەلىمە تۇرسۇن

(«يېزا پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

چاپچال ناھىيەلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، يىللاردىن بېرى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىق ئەھۋاللىرىنى چوڭقۇر تونۇپ، خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي ئىشلەشتەك ئۇلۇغۋار غايە ۋە ئىرادە تىكلىدى. بولۇپمۇ 2008 - يىلى 2 - ئايدا پولات ھۇسەيىن ناھىيەلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغاندىن بۇيان، ئۇ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئاز، ئىشخانا شارائىتى ناچار، خىراجەت كەمچىل، قاتناش قورالى يېتىشمەسلىكتەك بىر قاتار قىيىنچىلىقلار ئالدىدا قىلچىمۇ ۋايسىماي، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسىنى يۇقىرى كۆتىرىش، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتتى. ناھىيەدىكى يەتتە يېزا - بازار، 20 كەنتتىكى 500 دىن كۆپرەك دېھقان - چارۋىچى ئائىلىسىگە بېرىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەن - تېخنىكىغا بولغان ئېھتىياجىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، پارنىك كۆكتاتچىلىقى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق باغۋەنچىلىك كەسپلىرى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى پىلانى تۈزۈپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە 10 يېزىدا كەنت ھەمكارلىق جەمئىيىتى، سەككىز پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈلگىلىك بازىسى، بەش پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك يېزا - بازار، 20 پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك كەنت ۋە 200 پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك ئائىلە بارلىققا كەلدى. قىسقىغىنە نەچچە يىلدا ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ناھىيە بويىچە يېزا - بازار، كەنتلەردە «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن - تېخنىكا كۇرسى» 820 مەيدان، مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلغان كۇرس 80 مەيدان، تارقاتقان ئوقۇتۇش ماتېرىيالى 40 مىڭ پارچە، كۇرسىغا قاتناشقان ئادەم سانى 125 مىڭغا يەتتى.

پولات ھوسەيىن پوتكول ناھىيە تەۋەسىدە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مەنبەلىرىنى يىغىپ، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، «قىشلىق پەن ـ تېخنىكا»، «يازلىق پەن ـ تېخنىكا»، «پەن ـ تېخنىكا پائالىيەت ھەپتىلىكى»، «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات كۈنى» قاتارلىق ھەرخىل پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، 15 خىل كەسىپ بويىچە 50 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ـ ماتېرىيالنى دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ھەقسىز تارقاتتى ھەمدە ئالتە يېزا ـ بازاردا 20قېتىم «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماشىنىسى مەسچىتلەرگە كىرىش» پائالىيىتى ئويۇشتۇرۇپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. چاپچال ناھىيەسىنىڭ شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ يولغا قويغان «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مەسچىتلەرگە كىرىش»پائالىيىتى 2010 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمىيىتىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا رەھبەرلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى ھەمدە پوتكول شىنجاڭ دائىرىسىدە ئۈلگە قىلىپ كېڭەيتىلدى.

پولات ھوسەيىننىڭ رەھبەرلىكىدە، چاپچال ناھىيەلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىدە زور ئۇتۇقلار بارلىققا كەلدى، 2011 ـ، 2012 ـ يىلى ئۇدا ئىككى يىل چاپچال ناھىيەلىك پەن ـتېخنىكا جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى بويىچە ئۈچۈر خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ، 2011 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن «يۈز مىڭلىغان كىشىلەر ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈش» پائالىيىتى پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى پائالىيىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ، 2012 ـ يىلى جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۈنى پائالىيىتىدە «ئىلغار تەشكىللىگۈچى ئورۇن»، 2012 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئىلغار پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

پولات ھوسەيىن 2011 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت پىلان تەرەققىيات كومىتېتى، پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى قاتارلىق توققۇز مىنىستىرلىك ۋە كومىتېت تەرىپىدىن «خەلقنىڭ پەن ـ تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالاندى.





ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى

## ئۇلۇغ پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 93 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!



جايچال ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى — پولات ھوسيىن بىر قىسىم دېھقان شائىرلار ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرى بىلەن بىللە!

ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

# 农村科技

(月刊)

# يېزا پەن — تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

---


باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى:« يېزا پەن -تېخنىكىسى » ژۇرنىلى رېداكسىيەسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 — 0991

مۇھەررىرلەر: ئابلەت ھەبىبۇللا ئەنۋەر مۇھەممەت

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 - 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016